كۆپ قىسىملىق بالىلار رومانى

پەرھات ئىلياس

قىرانلىق بالىلار

# تەتۈرلەر شەھرى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسىملىق تۇنجى بالىلار رومانى دۇنياغا كەلدى.

(«شىنجاڭ يازغۇچىلىرى» 2006 - يىللىق سانىدىن)

ياش يازغۇچى پەرھات ئېلياسنىڭ ئۇيغۇر بالا ئوقۇرمەنلەرگە قىلغان ھەدىيەسى — ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «كرورانلىق بالىلار» ناملىق رومانى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىكەن. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كۆپ قىسىملىق تۇنجى بالىلار رومانى بولۇپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى زور ئىش ۋە ئۇيغۇر ئۆسمۈر - بالىلىرى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ...

(خەنزۇچە «جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى» 2007 - يىل 5 - يانۋار 602 - سانىدىن)

بالىلار دۇنياغا بالىلارچە كۆز بىلەن قاراشقا، جىمى شەيئىلەرنى بالىلارچە ساددا تەسەۋۋۇرى بىلەن كۆزىتىشكە ئامراق. گۈزەل ئەپسانە - چۆچەكلەر، فانتازىيىلىك ۋەقەلىكلەر ئۇلارنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدۇ. ياش يازغۇچى پەرھات ئېلياسنىڭ بالىلارغا ئاتاپ يازغان كۆپ قىسىملىق رومانى «كرورانلىق بالىلار» ئەنە شۇنداق بالىلىق تۇيغۇلار بىلەن تويۇنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم يېزىلغان كۆپ قىسىملىق بالىلار رومانى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ رومان بالىلارچە ساددا خىيال، شوخ تەسەۋۋۇرلار بىلەن تويۇنغان بولۇپ، بالىلىرىمىزغا جۇشقۇن روھ ئاتا قىلالايدۇ.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 11 - سانىدىن)

ISBN 978-7-5371-5711-7

9 787537 157117 >

باھاسى: 11.00 يۈەن

كۆپ قىسىملىق بالىلار رومانى

پەرھات ئىلياس

## كىرورانلىق بالىلار

# تەتۈرلەر شەھرى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：迪里亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏
插　　图：吐尔逊·依沙克

楼兰之子　一
**奇妙的反面城**（维吾尔文）
（系列儿童长篇小说）
帕尔哈提·伊力牙斯　　著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　7.375 印张
2007年6月第1版　2009年4月第3次印刷
印数：5601—8600

---

ISBN978—7—5371—5711—1　定价：11.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

**图书在版编目(CIP)数据**

奇妙的反面城：维吾尔文/帕尔哈提·伊力牙斯著.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.6
(楼兰之子)
ISBN978—7—5371—5711—7

Ⅰ.奇… Ⅱ.帕… Ⅲ.儿童文学—长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I287.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 069401 号

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: تۇرسۇن ئىسھاق

كىرورانلىق باللار —

**تەتۈرلەر شەھىرى**

(كۆپ قىسىملىق باللار رومانى)

**ئاپتورى: پەرھات ئىلياس**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 880×1230 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋقى: 7.375
2007 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-5711-7
باھاسى: 11.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ئاييورۇق مەلىكىسى ........................ 1

تەتۈرلەر شەھىرى ........................ 17

ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ ئىشى ............ 29

كۇسەنلىك بالىمانچى قىز ................ 39

ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ ............. 61

نورۇز خۇشاللىقى ........................ 76

ئانىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئۇرۇق ......... 99

تارىم يولۋىسىنى سېغىنىش .............. 110

قارغىش تەگكەنلەر ..................... 136

ئەتلەس قىز ........................... 160

تونۇر بېشىدا ......................... 176

كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق ......... 192

خىسلەتلىك ساياھەت يېتەكچىلىرى ........ 215

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى ئادرېسى

# ئايىورۇق[1] مەلىكىسى

— ئەمدى مەھمۇد بوۋىمىزنىڭ كىتابى («تۈركىي تىللار دىۋانى» نى دېمەكچى) دىكى قوشاقلاردا ئېيتىلغان قەدىمكى ئىلى دەرياسى بويىغا بېرىپ باقامدۇق؟ — دېدى تۇرگۇن.

— ئىلى دەرياسى؟ — دېدى ئايچەچەك، — مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلغان. بېرىپ باقايلىچۇ!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىردەمدىلا ئۆزلىرىنى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىلى دەرياسى بويىدا كۆرۈشتى.

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇرلۇك ئىلى دەرياسى بويى تال - يۇلغۇن، قىياقلار بىلەن پۈركەنگەن قېلىن توقايلىق، يىراقلاردىكى ياپيېشىل تاغ باغرىلىرىدا ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئوتاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئايچەچەك ئىلى ۋادىسىنىڭ گۈزەللىكىگە تويماي قارايتتى، ئىلى دەرياسىدىكى ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلارغا قاراپ ئۆزىنى خۇددى كۆنچى دەريا- سى بويىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. گاھ قۇش- لارنىڭ سايراشلىرىغا مەپتۇن بولۇپ قۇلاق سالسا، گاھ

---

[1] ئىلى دەرياسىغا يېقىن قەدىمكى شەھەر.

كۆپكۆك ئاسماندىكى كۈن، بۇلۇتلارغا قارىغىنىچە نېمە-لەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى.

زۇمرەت، ئايچەشلەر يول بويىدىن بىرمۇنچە گۈل-لەرنى تېرىۋېلىپ، قۇلاقلىرىغا قىستۇرۇۋېلىشتى، يەنە گۈلچەمبىرەك ياساپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشتى. بۇنىڭ-غا ئايچەچەكنىڭ ھەۋىسى كەلگەنىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغى-مۇ گۈل قىستۇرۇپ، بېشىغا گۈلچەمبىرەك كىيدۇرۇپ قويدى.

ئۇلار بىر توپ تال تۈۋىدىن قايرىلىشىغا تۇيۇقسىز دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ، نەيزە، گۇرزىلەرنى كۆتۈرۈشىۋالغان بىر توپ چېرىكنى كۆرۈپ قالدى. چېرىكلەر قىرغاقتا كېلىپ توختىغان بىر كېمىنى قوغ-داپ تۇرۇشقانىكەن. كېمىدىن بىرنەچچە چېرىك بويىنى ۋە قوللىرىغا تاقاق سېلىنغان گەۋدىلىك بىر يىگىتنى يالاپ قىرغاقتا چۈشۈردى. يىگىتنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان، بىر قاراشتىلا قاتتىق ئۇرۇلغانلىقى چى-قىپ تۇراتتى.

يىگىت تەخ قىلىپ قويۇلغان ياربىيار هارۋىغا چىقى-رىلغاندىن كېيىن، بىر چېرىك هارۋىنى هەيدەپ، ئىك-كى چېرىك ئاتلىق ئېلىپ ماڭدى.

— بۇ بىچارە ئاكاش نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بول-غىيتتى؟ — دەپ پىچىرلىدى زۇمرەتنىڭ ئۇ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ.

— شۇنداقمۇ ئۇرۇۋەتكەن بارمۇ؟ — دېدى ئايچە-چەكمۇ چىداپ تۇرالماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قاراڭلار، قاراڭلار، — دەپ قالدى بۇ چاغدا تۇرگۇن تۇيۇقسىز تاللىق ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارشى قىرغاقنى كۆرسىتىپ. شۇئان ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. قارشى قىرغاقتا بىر قىز ھەدەپ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولۇۋاتاتتى، ئەمما قېشىدىكى قىزلار ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ ئارقىغا سۆرەيتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغان تۇرگۇننىڭ كاللىسىدىن: «ئۇ قىرغاققا ئۆتۈپ بۇنىڭ زادى نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ باقمايلىمۇ؟» دېگەن ئوي كەچتى.

ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا بېرىپ بولۇشتى. ئەمما، ئۆزلىرىنى ئۇلارغا كۆرسەتمىدى.

خاسىيەتلىك سائەتنى كەينىگە ياندۇرۇپ كۆرۈپ بۇ پاجىئەنىڭ جەريانىنىمۇ بىردەمدىلا بىلىپ بولۇشتى. ئەسلىدە ماۋۇ زار ـ زار يىغلاپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇۋاتقان ھەدەش ئايىورۇق شەھىرىنىڭ مەلىكىسى ئايقۇت، بايىقى بويىنىغا تاقاق سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن يىگىت بولسا ئايىورۇق ئوردىسىدىكى نەغمىكەش بۇقار ئىكەن. ئايقۇت بۇقارنىڭ ناخشىسىغا بەك ئامراق ئىكەن، بۇقارمۇ ئايقۇت بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. بىراق، ئايقۇتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئايقۇتنى يۇرۇڭقاياسلىق[1] بىر

① ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى قورغاس دېگەن نام شۇنىڭدىن كەلگەن دېگەن قاراش بار.

شاھزادىگە ياتلىق قىلغۇسى بار ئىكەن. ئايقۇت بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ، بۇقارمۇ «نىمە كۆرسەم كۆردۇم» دەپ ئاي-قۇتنى ئېلىپ يىراق - يىراقلارغا كەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئۇلار ئاييورۇق شەھىرىدىن سېپىل سىرتىغا چىقىدىغان لەخمە بىلەن ئەمدىلا سىرتقا چىقىپ تۇرۇشى-غا، بۇ ئىشنى ئالدىن سېزىپ بولغان چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇقار ئاييورۇقتا تۇرۇشلۇق قارلۇق خاننىڭ پەرمانى بىلەن قاتتىق ئەدەپ-لىنىپ، تەڭرىقۇت چوققىسى (ھازىرقى ئەۋلىيا چوققى-سى) بويىدىكى زىندان دېگەن قاراڭغۇ بىر سايغا پالى-نىپتۇ. ئايقۇت بولسا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەر-ياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ، بۇقارنىڭ كەينىدىن بىللە كەت-مەكچى بوپتۇ...

تۇرگۇن بەشەيلەننىڭ ئايقۇت ھەدىسىنىڭ يىغىسىغا قاراپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچى ئاغرىدى، زالىم ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ جىسەكچىلىرىگە قاتتىق نەپرىتى قوزغالدى. بۇقار ئاكىسى بىلەن ئايقۇت ھەدىسىنى بەختكە ئېرىشتۇ-رۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلماقچى بو-لۇشتى. بىراق، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيتتى.

— ئەتە يۇرۇڭقاياسلىقلار تىوي تارتىپ كېلەر-مىش، — دېدى ئايچەش نېمىدىندۇر ئەندىشە قىلىپ.

— ئايقۇت ھەدەمنى ئەكەتكۈچە، بىرەر ئامال تاپ-ساق بولاتتى، — دېدى زۇمرەت تۇرگۇنگە قاراپ.

ھەممەيلەن جىمجىت بولۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى.

— مەن بىر ئامال تاپتىم، — دېدى تۇيغۇن

بىردىنلا جىملىقنى بۇزۇپ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا «قىز-نى، تېز دېگىن!» دېگەن مەنىدە تەلمۈرۈپ قاراشتى.

— بىز بىر ئامال قىلىپ، يورۇقچىلىق شاھزا-دىنى ئاغرىتىپ قويايلى، شۇنداق قىلساق بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرگىلى بولىدۇ.

— بۇغۇ بولىدىغان چارىكەن، ئەمما قانداق ئاغرى-تىپ قويىمىز؟

— «سورىماڭلار ھەم دورىماڭلار» دېگەن گەپنى يەنە ئۇنتۇپ قاپسىلەر - ھە، ئۇنتۇغاقلار؟ — دېدى تۆيغۈن كۈلۈپ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئالمىلىق باغلار بىلەن تولغان گۈزەل يورۇقچىلىق شەھىرىگە يېتىپ بار-دى. يورۇقچىلىقلار ئاييورۇق شەھىرىگە توي تارتىپ بارغىلى جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقانىكەن. چىراي-لىق كىيىنىۋالغان بۆۋەك شاھزادە قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالمىلىق باغقا سايىدىغىلى چىققانىدى.

شاھزادە ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، ئاقلاپ قويۇلغان بىر تال ئالمىنى ئېلىپ يەۋاتاتتى. بۇنى تازا ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلگەن تۆيغۈن دەرھال چىۋىنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ باردى-دە، ئالمىغا قونۇپلا يەنە ئۇچۇپ كەتتى. شاھزادە بۇنى سەزمەي ئالمىنى يەۋەردى...

شۇ ئاخشىمى شاھزادىنىڭ ئىچى سۈرۈپ، كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئاييورۇققا توي تارتىپ بېرىش تو-گۇل، ماڭغۇدەكمۇ ماغدۇرى قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن

توي بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈلدى.

— بۇ ئاق نانچى شاھزادىنى ئەجەب بابلىدىڭ، — دەپ خۇش بولۇپ كەتتى ھەممەيلەن.

— ئەمدى دەرھال بۇقار ئاكىمىزنى ئىزدەپ تاپايلى، بولمىسا زىنداندا بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى تۇرگۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇشقاچلارغا ئايلىنىپ، يىراقتا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان تەڭرىقۇت چوققىسىنى نىشانلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ئۇلار چېرىكلەر بۇقارنى ئېلىپ كەتكەن يولنى بويلاپ ئۇچا - ئۇچا، نەچچە قىر، نەچچە سايدىن ئاشتى، ئاخىر تەڭرىقۇت چوققىسى بويىغىمۇ كېلىپ قالدى، لېكىن بۇقار ئاكىسىنىڭ ئىزى تۇگۇل سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئاخىر ئۇلار زىندان دەپ ئاتىلىدىغان چوڭقۇر ساي تۆپىسىدىكى ئېگىز بىر قارىغاينىڭ شېخىغا قونۇپ ئارام ئالغاچ ساي ئىچىگە قارىدى. ساي ئىچى بۇككىدە قارىغايلىق بولغاچقا، ئادەم بار - يوقلۇقىنى ئىلغا قىلماق تەس ئىدى.

— «بۇقار ئاكا» دەپ توۋلاپ باقامدۇق؟ — دېدى تۇيغۇن.

— ئۇنداق قىلساق چېرىكلەرنى چۆچۈتۈپ قويىمىز، — دېدى تۇرگۇن، — ئەڭ ياخشىسى يەنە ئىزدەپ باقايلى.

ئۇلار زىندان سېيىغا چۈشۈپ بۇلاق بويلىرى،

قارىغاي تۈۋلىرىنى قىدىرىپ باقتى، لېكىن ئادەمزات ئايىغى كۆرۈنمەيتتى.
بۇ ساي تولىمۇ چوڭقۇر، پەقەت چىڭقىچۇش مەر-گىلىدىن باشقا چاغدا كۈن چۈشمەيتتى. ئىككى قاپتىلى-مۇ تىك، بۆرە، يىلپىزلار كۆپ بولغانلىقتىن بۇ يەرگە چۈشكەن ئادەمنىڭ تىرىك قايتىپ چىقىشى تەس گەپ ئىدى. شۇڭا، قارلۇق خان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى مۇشۇ سايغا پالىۋېتەتتى.
— بىچارە بۇقار ئاكامنى بۆرىلەر ... — دەپ ئاخى-رىنى ئېيتالماي ئۈمچەيدى زۇمرەت.
ئۇلار ئۈندىمەستىن ئۇزاق ئىزدەشتى. ئىزدە-ئىزدە تەڭرىقۇت چوققىسى ئېتىكىدىكى بىر خادىغا كې-لىپ قوندى.
— قاراڭلار، قاراڭلار! ئاۋۇ يەردە بىرەيلەن كې-تىپ بارىدۇ! — دېدى ئايچەچەك تۇيۇقسىزلا تەڭرىقۇت چوققىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىنى كۆرسىتىپ.
ھەممەيلەن تەڭلا ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. دېگەندەك، قارا ئۆكۈز مىنگەن بىر يىگىت تىك قاپتالنى بويلاپ چوققىغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىپ باراتتى. يىگىت-نىڭ كەينىگە يەنە بىر مارالمۇ ئەگىشىۋالغانىدى. ئۇلار «ئۆرلە ـ ئۆرلە» تىك بىر قىياغا دۇچ كېلىپ قالدى.
تۇرگۈن «ئەمدى قانداق قىلار؟» دەپ ئويلاپ تۇ-رۇۋېدى، مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۆكۈز لەپپىدىلا كۆتۈ-رۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مارالمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن قالماي ئۇچماقتا ئىدى. ئۇلار شۇ ئۇچۇشقىنىچە

تۇرگۇن بەشەيلەنگە يېقىنلا جايدىن قايرىلىپ تەگرىقۇت چوققىسىغا ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى.

— بۇقار ئاكامكەن! — دەۋەتتى تۇيغۇن يۈز - كۆزى قان يۇقى يىگىتنى بىر قاراپلا تونۇپ.

قالغانلارمۇ ئۇنى تونۇپ بولۇشقانىدى، شۇڭا:

— شۇكەن! شۇكەن! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەت-تى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇشۇپ. ئاند-دىن ئۇلارمۇ بۇقارنىڭ ئارقىسىدىن تەگرىقۇت چوققى-سىغا ئۇچۇپ چىقىشتى.

بۇقار مىنگەن ئۆكۈز چوققا ئۈستىدىكى بىر بۇلاق بويىغا كېلىپ قوندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مارال ۋە قۇشقاچلارمۇ كېلىپ قوندى.

بۇقـار بۇلدۇقـلاپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى پاكىز يۇيغاندىن كېيىن قانغۇچە سۇ ئىچتى، ئاندىن بۇلاق بويىدىكى چىملىقتا ئارام ئېلىپ ياتتى. ئۆكۈز بىلەن مارالمۇ سۇ ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئوتلاشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا تۇرگۇن بەشەيلەن ئۆز ئەكسىگە قايتىپ بۇقارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. بۇقار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ بەش بالىغا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى.

«مۇنچىۋالا ئېگىز چوققىدا نېمىش قىلىپ يۈرگەن بالىلاردۇ بۇ؟ چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ - يە؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. لېكىن، بىر - بىرىدىن ئوماق بالىلارنىڭ ئۆزىگە ھۆپپىدە ئېچىلغان چوغلۇقلاردەك تەلپۈنۈپ،

كۆلۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنداق چوڭ بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمىدى.

— سىلەر بۇ چوققىغا قانداق چىقىپ قالغان؟ — سورىدى بۇقار سالام - سەھەتتىن كېيىن.

ئۇلار بۇقارغا ئۆزلىرىنىڭ يۇرۇڭقاياس شەھىرىدىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، ئايىيورۇق شەھىرىدە كۆرگەنلىرىنى ھەممە ئارىدا بولۇنغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئەمما، بۇقار ئۇلارنى «تەڭرىنىڭ ماڭا رەھمى كېلىپ ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بولسا كېرەك» دەپ چۈشەندى.

ئۇلار بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. بۇقار ئۇلاردىن ئۆزىگە يامانلىق يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىر بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— چېرىكلەر مېنى ئېلىپ زىندان دېگەن سايغا يېتىپ كېلەي دېگەندە كەچ بولۇپ كەتتى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بۇقار، — شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر مېڭىۋېرىشتىن قورقۇپ، بىر دالدا جاينى تېپىپ يېتىپ قېلىشتى. يېرىم كېچە بولغاندا باغلاقتىن يېشىنىپ تۇيدۇرماي قاچتىم. شۇ قاچقانچە، قويۇق تال، قارىغايلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر سايغا چۈشۈپ، قىر ياقىلاپ قاچىۋەردىم. قاچە - قاچە ئاخىر بىر قىساڭغا كېلىپ قاپسىلىپ قالدىم. بوينۇمدىكى تاقاقنى يوغان خادا تاشقا ئۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر چېقىۋەتتىم. بۆرە - يىلپىزلارغا يەم بولۇپ كەتمەي دەپ بىر

قارىغايىنىڭ ئۈستىگە تىمىسقىلاپ يۇرۇپ چىقىۋالدىم. ئۇخلاپ قالماي دەپ چىشىمنى چىشلەپ، بەك تەستە تاڭ ئاشۇردۇم. تاڭ سۇزۇلگەندە ئۆزۈمۇ بىلمەيلا كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى قارىغاي شاخلىرىغا چاپىنىمنى ئىلىپ قويغاچقا چۈشۈپ كەتمەپتىمەن. بىر چاغدا بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. يېقىنلا بىر جايدا كەكلىك سايراۋاتقانىكەن. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسام، ئاسمان ـ پەلەك بوي سوزغان، ھەيۋەتلىك بىر چوققىنىڭ ئېتىكىدە يېتىپتىمەن. تەڭرىقۇت چوققىسى مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، «ئەي، مېھىر ـ شەپقەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىم! مېنى پاناھىڭغا ئالغىن! ماڭا قۇت ئاتا قىلغىن!» دەپ ئىلتىجا قىلدىم. ئىلتىجايىمدىن تەسىرلەندى بولغاي، تاغۇ ـ تاشلار لەرزىگە كەلدى. شۇئان ئاپئاق ساقاللىق قولباق بوۋاي سېمىزلىكتىن تولغىرى ۋالىلداپ پارقىراپ كەتكەن بىر قارا ئۆكۈز بىلەن يېلىنى سۈت توشۇپ چىڭقىلىپ كەتكەن بىر مارالنى يېتىلىگىنىچە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. «ئەي يىگىت! تېز چۈشۈپ بۇ قاراگىرنى مىنگىن!» دېدى بوۋاي. «خىزىرغا ئۇچراپتىمەن، ئەمدى ئامىتىم كەلگۈدەك» دەپ ئويلاپ، دەرھال قارىغايدىن چۈشۈپ بوۋايغا سالام بەردىم. بوۋاي سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، ماڭا قۇت تىلەپلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمما، بوۋاي «قاراگىر» دەپ ئاتىغان قارا ئۆكۈز بىلەن مارال مېنى ساقلاپ تۇراتتى. «تېز مېنى مىن!» دېدى قاراگىرمۇ زۇۋانغا كېلىپ. شۇندىك

بىلەن بىر سەكرەپـلا قاراگىرنى مىندىم. قاراگىرىد-
نى ئۇدۇل مۇشۇ چوققا ئۇستىگە ئېلىپ چىقتى.
ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن مارالنى سويۇ-
غىپ، سۇتىنى ئىچمەكچى بولدى. توۇيغۇن هايت ـ
هۇيت دېگۇچىلا چېلەك، ئوچاق، قازان، چۆمۈچ، چى-
نە دېگەنلەرنى تەييار قىلدى. يەنە گۆش، نانلارنىمۇ
هازىرلىدى. سۇتنى پىشۇرۇپ ئىچىشكەندىن كېيىن ئۇ-
لارنىڭ بەدىنىگە ئاجايىپ ماغدۇر كىردى. ئاندىن ئۇلار
چوققا ئۇستىدىكى كۆلبۇلاق، كۆزبۇلاقلارنى ئايلىنىپ
بىردەم سەيلە قىلىشتى. ئاخىردا چوققىنىڭ گىرۋىكى-
گە كېلىپ، پايانسىز ئىلى ۋادىسىغا نەزەر تاشلىدى.
يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان گۇزەل ئىلى دەرياسى كۇمۇش
لېنتىدەك پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەنە ئىس چى-
قىپ تۇرغان ئوتاقلار، ياپيېشىل ئېتىز ـ داللار،
يەرگە جىراپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان تارام ـ تارام غول
ئېقىنلار، پـادا ـ پـادىسى بىـلەن ئوتلىشىپ يۇرگەن
قوي ـ كالا، يىلقىلار، يارىيار هارۋىلارنى هەيدىشىپ
يۇرگەن تېرىمچىلار... بۇلارنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ
بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
يىراقتىكى ئىلى دەرياسى بويىدا غىل ـ پال كۆرۈ-
نۇپ تۇرغان ئايىورۇق شەهىرىگە كۆزى چۇشۇش بىلەن
بۇقارنىڭ يۇرىكى سىقىلىپ، چىرايى يەنە ئازاب تۇمانلى-
رى بىلەن تولدى. ئۇ، ئەنە شۇ شەهەردە تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن، كىچىكىدىن ناخشىغا ئىشتىياق باغلاپ ئاخىر
داڭلىق ناخشىچىغا ئايلانغان. ئۇ جايـدا يەنـە دۇنـيادا

تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە ئايقۇتمۇ بار. شۇ تاپتا ئۇ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقاندۇ ـ ھە؟! ئەمدى ئۇ جايغا قايتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئايقۇتنىڭمۇ بۇ جايغا كېلەلىشى يوق گەپ…

بۇ چاغدا قاراگىر بۇقارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى-دە:

— ماڭا مىنگىن، مەن سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز، — دېدى تۇرگۇنمۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇقار قاراگىرگە مىنىپ ئايىورۇق شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ قۇشقاچلارغا ئايلىنىپ ئۇلار بىلەن تەڭ ئۇچتى. ئۇچا ـ ئۇچا ئاخىر ئىلى دەرياسى بويىغىمۇ يېتىپ بېرىشتى. پەستە ئىلى دەرياسى تولغىنىپ ئاقماقتا ئىدى. ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ يەنە ئازراق ئۇچقاندىن كېيىن ئايىورۇق شەھىرى كۆرۈندى. شەھەرنىڭ دەريا تەرەپتىكى سېپىلى ئۈستىدە ئايقۇت تەگرىقۇت چوققىسى تەرەپكە قاراپ ھەسرەت بىلەن ياش تۆكمەكتە ئىدى.

ئايچەش ھەممىدىن بۇرۇن ئايقۇتنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بېرىپ:

— ئايقۇت ھەدە، بۇقار ئاكام سىزنى ئالغىلى كېلىۋاتىدۇ، مېڭىشقا تەييارلىنىڭ، — دېدى.

ئايقوت بىر قۇشقاچنىڭ ئۆزىگە قاراپ گەپ قىلى-ۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن يىغىدىن توختاپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ئاۋۇ قاراگىرنى مىنىپ كېلىۋاتقان بوقار ئاكام، ئۇ سىزنى ئەكەتمەكچى، — دېدى ئايچەش قاراگىرنى مىنگىنىچە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بوقارنى كۆرسىتىپ.

ئاڭغىچە قاراگىر سىپىل ئۈستىگە كېلىپ قوندى. ئايقوت بوقارنى بىر قاراپلا تونۇدى-دە، خۇش بولغىنىدىن ئازابلىق چىرايى بولۇت يېرىپ بىردىنلا كۈن چىققاندەك «ۋاللىدە» ئېچىلىپ كەتتى.

— تېز بولۇڭ، ئارقامغا مىنگىشىڭ! — دېدى بوقار ئايقوتقا قولىنى سوزۇپ. ئايقوت قاراگىرگە يېقىن كېلىشىگە بوقار ئۇنى «لىككىدە» كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا مىندۈردى. بۇ چاغدا ئەتراپتا قورۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن چېرىكلەر بوقارنى تونۇپ قالدى-دە، تۇتۇۋالماقچى بولۇشۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئاڭغىچە قاراگىر «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

بوقار بىلەن ئايقوت شۇ ئۇچقىنىچە ئۇدۇل تەڭرىقوت چوققىسىغا بېرىپ قوندى.

شۇ كۈنى ھېلىقى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي يەنە پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى، ئاندىن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى. تويغا تۈرگۈن بەشەيلەن، قاراگىر، مارال، يەنە شۇ ئەتراپتىكى كەكلىك، بۈركۈت، كېيىك، تاغ تېكىسى، قىرغاۋۇل، بىرتوغرام[1]،

---

[1] بىر توغرام — باشمالتاقچىلىك كېلىدىغان بىر خىل قۇش.

چىل، قاشقالــداق، ئۇلار، ياۋا كەپتــەر دېگەنــدەك
نۇرغۇن جان - جانىۋارلار توپ - توپى بىلەن كېلىپ
قاتناشتى. تۆمۈرتۇمشۇقلار قارىغايلارنى ناغرا قىلىپ،
ياچىۋەكلەر ئىنچىكە يوپۇرماقلارنى دۇتار قىلىپ چال-
دى، تاغ قۇشقاچلىرى زوق - شوقى بىلەن ناخشا ئېيت-
تىشتى. تاغ تېكىسى بىلەن كېيىكلەر شوخ سەكرەپ
ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. قارىغايلارغا ئۇۋا سېلىشقان ھە-
سەل ھەرىلىرى ئۇلارنىڭ تويىغا ھەسەل، بۇغىلار مېھ-
رىگىياھ سوۋغا قىلىشتى. بەلكىم ھېچكىمنىڭ تويى
مۇنچىلىك قىزىپ باقمىغاندۇ...

بۇ تويغا قاتناشقىلى يەنە دانىشمەن قاغىمۇ كەلگەن-
دى. ئۇنى كۆرۈپ تورگۇن تۆتەيلەن تېخىمۇ خۇش
بولۇپ كېتىشتى. دانىشمەن قاغا ئۇ تۆتەيلەنگە مەمنۇن-
لۇق بىلەن قاراپ باش لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن،
قىز - يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇتلۇقلىدى. دەل شۇ
چاغدا ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بېرىپ، چوققا ئۈستىدە
ھەسەن - ھۆسەن پەيدا بولدى. ھەسەن - ھۆسەن خۇد-
دى تەڭرىقۇت چوققىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان گۈلچەم-
بىرەكتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاندىن چوققا ئۈستىدىكى
قىيا تاشتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ، غايەت زور ھاك
تاش ئىچىدىن ياسىداق بىر ئۆي كۆرۈندى. بۇ بۇقار
بىلەن ئايقۇتقا تەييارلانغان ھۇجرا ئىدى.

بۇنىڭ دانىشمەن قاغىنىڭ سېھرىدىن بولۇۋاتقانلى-
قىنى تورگۇن تۆتەيلەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى...
توي مەرىكىسى تۈگەپ، بۇقار بىلەن ئايقۇت

ھۆجرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە جان-
جانىۋارلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشتى.
بۇ چاغدا تۇرگۇن دانىشمەن قاغىنىڭ «قاق، قاق
قىرراق» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆزلىرىنى
«يۇرۇڭلار، كېتىمىز» دەپ كېتىشكە شەرەتلەۋاتقاند-
كەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇقار ئاكىسى بىلەن ئايقۇت
ھەدىسىگە قۇت تىلەپ، دانىشمەن قاغىنىڭ ئارقىسىدىن
ماڭدى. ماڭدى-دە، ئىككى چامدام ئاله ـ ئالمايلا ئۆز-
لىرىنى تەڭرىقۇت چوققىسىنىڭ ئېتىكىدىكى ھېلىقى
خادا تۇۋىدە كۆرۈشتى. يەنە ۋاقىتمۇ ناھايىتى ئۇزاق
زامانلار كەينىگە كەتكەندەك قىلاتتى. بىراق، دانىشمەن
قاغا كۆرۈنمىدى...
ئۇلار خادا تۇۋىدە ئولتۇرۇپ، بۇلۇتلار بويلاپ يۈر-
گەن ھەيۋەتلىك تەڭرىقۇت چوققىسىغا قارىدى. تەڭرى-
قۇت چوققىسى شۇ تاپتا ئاشۇ ئىلى دەرياسى بويىدىكى
ئايىورۇق شەھىرىگە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن يۈرەك سۆزلى-
رىنى ئېيتماقچى بولۇۋاتقاندەك، يىراقلارغا نەزەر سې-
لىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇلار يىراقتا يىلان باغرى سوزۇ-
لۇپ ياتقان ئىلى دەرياسى، ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىسىدا
غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايىورۇق شەھىرىگە قارىدى.
ئايىورۇق شەھىرىنىڭمۇ تەڭرىقۇت چوققىسىغا
نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پاراڭلىرى باردەك قىلاتتى...
قارىغاي ئۈستىدىكى بىرنەچچە تىيىن بۇقار بىلەن
ئايقۇت ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— ئاشۇ خادا تاشنىڭ ئىچىدە بۇقار ئاكام بىلەن ئايقۇت ھەدەمنىڭ ئۆيى بارمىش. قىشتا تاش ئۆيدە قىشلاپ، يازدا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغمۇتاغ ئېشىپ يايلارمىش.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، كېيىنچە ئايقۇت ھەدەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى كەچۈرۈپ ئۇردىغا ئېلىپ كەتكەنمىش. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بەختلىك ياشاپتىمىش.

— ياق، ياق، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، كېيىن ئۇ ئىككىسى ئەۋلىياغا ئايلىنىپ كېتىپتىمىش، شۇڭا بۇ چوققىنىڭ نامىمۇ تەڭرىقۇت چوققىسىدىن ئەۋلىيا چوققىسىغا ئۆزگىرىپ قاپتىمىش.

— ياق، ياق، ھېلىقى خىزىرنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇ ئەۋلىيا چوققىنىڭ ئۆزىمىش.

...

تىيىنلار ئاغزىغا كەلگىنىچە ھەر ياڭزا گەپلەرنى قىلىپ بېقىشتى. ئەمما، تۇرگۇن بەشەيلەن شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنەتتىكى، بۇقار ئاكىسى بىلەن ئايقۇت ھەددىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى.

# تەتۆرلەر شەھىرى

تۆرگۆن بەشەيلەن ـ ماڭە قاز دېگەن بىر شەھەرگە بېرىپ قالدى. بۆگۆن قاز شەھىرىگە ئېلى ۋادىسىدىكى قىزىقچى، لاپچى، چاقچاقچىلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىكەن. سورۆن قاز دەرياسى[①] بويىدىكى توقايلىقتا ئورۆنلاشتۆرۆلغان، ئادەملەر بەك كۆپ ئىدى.

ئۆلار كىشىلەرنىڭ توختىماي كۆلۆشۆۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «نېمە قىزىق گەپلەردۆ؟» دېيىشىپ، قىستىلىپ يۆرۆپ سورۆننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۆشتى.

يۆرۆڭقاياسلىق چاقچاقچى بىلەن قازلىق چاقچاقچى چۆجە خورازلاردەك بازغىشىپ چاقچاقتا راسا تۆتۆشۆۋاتقانىكەن. ئۆلارنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆلارمۆ راسا كۆلۆشتى. ئاندىن قارناقلىق بىر لاپچى بىلەن قازلىق بىر لاپچى لاپ ئېتىشىپ قالدى.

— بىزنىڭ يۆرتتا شۆنداق بىر كىشى باركى، ھەرقانچە تەتۆر بولار ئۆنىڭدەك تەتۆر بولماس، — دەپ گەپ باشلىدى قازلىق پوچى، — «ئامانمۆسەن؟» دەپ

① قاش دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

ئەھۋال سورىساڭمۇ، «مەن ئامان بولماي ئۆلۈپتىمەن-مۇ» دەپ ئۆڭۈپ قوپىدۇ. ئۇ يەنە شۇنچىلىك تەتۈركى، تەتۈرلۈكى بىر تۇتىدىغان بولسا، سوغۇقتا دىر - دىر تىترەپ كۆكىرىپ كەتسىمۇ توڭلىمىدىم دەپ تۇرۇۋالىدۇ...

— ئۇنچىلىك تەتۈرلىرىڭنى تەتۈر ھېسابلىمايمىز بىز، — دەپ رەت قىلدى قارناقلىق لاپچى ئۇنىڭ لاپلىرىنى بىردەم ئاڭلاپ تۇرغاندىن كېيىن، — مانا مەن كۆسەن دېگەن جايغا تاغ ئاتلاپ چۈشكەندە، مۇزداۋاندىكى بىر مۇزلۇقنىڭ تېگىدە تەتۈرلەر شەھىرى دەيدىغان بىر جاينى كۆرگەنمەن.

— قوي بۇ گېپىڭنى! تەتۈرلەر شەھىرى دەپمۇ گەپ بولامدۇ؟ ئىككى تال غورا بېرىپ قويسا «ھە» دەپ ئاڭلاۋېرىدىغان كىچىك بالاڭ ئەمەس جۇمۇ بىز! — قازلىق لاپچى ئۇنى ئوڭ يانپاشقا ئېلىپ راسا بىر ئاتاي دېيىشىگە، قارناقلىق لاپچى چاققان كېلىپ يەنە گەپ بەرمىدى.

— مەنلا ئەمەس، مانا مۇنۇ قېشىمىزدا ئولتۇرغان قوۋان باتۇرمۇ بار شۇ چاغدا. بىز ئۇ شەھەرگە بىللە كىرگەن، — دېدى قارناقلىق لاپچى كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي.

— راست، راست، مەنمۇ بىللە كىرگەن، — دەپ كۈلدى قوۋان باتۇر گەپنى تېخىمۇ قىزىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ. قارناقلىق لاپچىنىڭ گېپىگە ئەتراپتىكىلەرلا ئەمەس، تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ قىزىقىپ

قالغاندى. شۇڭا، تۇيغۇن بىرلا پىچىرلىغاندى، ئىككى لاپچى، قۇۋان باتۇر، تۇرگۇن بەشەيلەن ئۆزلىرىنى قارناقلىق لاپچى ئېيتقان ئاشۇ تەتۈرلەر شەھىرىنىڭ قوۋۇقى ئالدىدا كۆرۈشتى.

بۇ مۇزداۋاندىكى چوڭقۇر بىر مۇزلۇق جىلغىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، ھەممە يېرى مۇز بىلەن قاپلانغان، قوۋۇقى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغىلا ئوخشايتتى.

— قېنى، مەرھەمەت! — دېدى قارناقلىق لاپچى ئۇلارنى كىرىشكە باشلاپ.

ئۇلار قوۋۇقتىن كىرىشىگىلا ئىككى ياساۋۇل ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قارشى ئالمايمىز! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن ياساۋۇللار ئۇلارنى مازاق قىلىپ كۈلۈشكىنىچە ئۇلارنى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتى-دە، قوۋۇقنى تاقىۋالدى. ئۇلار سىرتتا تۇرۇپ قوۋۇقتا مۇنداق خەتلەر يېزىلىپ تەتۈر ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى:

«بۇ دېگەن تەتۈرلەر شەھىرى. بۇ يەردە ھەممە نەرسە تەتۈر بولىدۇ. سالام - سەھەت، ئۆرپ - ئادەت، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت، قائىدە - تۈزۈم··· ھەممىلا نەرسە تەتۈر. ئوڭ گەپ، ئوڭ ئىش قىلىدىغانلار بۇ جايغا يولىمىغاي!»

— بايا ئۇلارنىڭ بىزنى نېمىشقا قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى تۇرگۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوۋۇقنى تېپىپ، مۇشتلاپ تۇرۇپ: «قوۋۇقنى ئېچىڭلار، بەتبەختلەر!» دەپ ۋارقىراشتى. شۇندىلا ياساۋۇللارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، قوۋۇقنى ئاچتى-دە، ئالدىغا چىقىشىپ:
— قارشى ئالمايمىز! — دېيىشتى.
— شەھىرىمىزگە كىرگۈزمەيمىز يوق! — دېدى قارناقلىق لاپچى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا قوۋان باتۇر بىر ياساۋۇلنى كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ئۇلارنى «خېلى بولىدىغان نېمىلەركەن» دەپ خۇش بولۇشۇپ، شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى.
شەھەر ئىچىنى ئارىلاپ كۆرۈپ «ۋايتوۋا!» دەپ قېلىشتى. بۇ يەردە شەھەر ئىسمىغا يارىشا راستىنىلا ھەممىلا نەرسە تەتۈر ئىدى. سۇلار تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئاقسا، ئۆيلىرى ساپلا ئازگاللاردا ئىدى. قۇشلار ئوتلاقلاردا ئۆتلاپ يۈرۈشكەن بولسا، ئات - كالىلىرى ئاسماندا ئۇچۇشۇۋاتاتتى. ئادەملىرىنىڭمۇ ھەممىسىلا كەينىچىلەپ مېڭىپ يۈرۈشەتتى...
ئۇلارنىڭ ئالدىچىلاپ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بىر كوچا چارلىغۇچى دەرھال ئۇلارنى توسۇپ:
— ئالدىچىلاپ ماڭغانلىقىڭلار ئۈچۈن جەرىمانە! — دېدى.
ئۇلار جەرىمانە تۆلىمەكچى بولۇشۇپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ تۇرغانىدى، چارلىغۇچى ئۇلاردىن بالدۇر چىقىپ، ھەربىرەيلەنگە بىر تالدىن كۈمۈش تەڭگىنى

www.uyghurkitap.com

تارقىتىپ بەردى.

— قىزىق ئىش، بۇ يەردە جەرىمانە قويسا، جەرىمانە تۆلىگۇچى پۇل تۆلىمەي، ئەكسىچە پۇل ئالىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ كۇلۇپ كەتتى تۇيغۇن.

— يەنە ئۇنتۇپتۇقتە تەتۇرلەر يۇرتىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى، — دەپ كۇلۇپ كەتتى قازلىق لاپچى.

چارلىغۇچى ھەممەيلەنگە جەرىمانە تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇنىڭدىن كېيىن قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىغايسىلەر، — دەپ قويۇپ كەينىچىلەپ مېڭىپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار كەينىچىلەپ مېڭىپ باقمىغاچقا، دەسلەپتە سەل قىينالدى، نەچچىسى پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپمۇ چۈشتى.

— مۇشۇمۇ ئىش بولدىدە ئەمدى، — دەپ غۇدۇراپ قوياتتى يىقىلىپ چۈشكەنلەر ئۇستۇبېشىنى قېقىشتۇرغاچ.

يولدا ئۇلارغا بالىسىغا ئاچچىقلاپ چالۋاقىۋاتقان بىر دادا ئۇچراپ قالدى.

— ھەي، گەپ ئاڭلايدىغان يۇمشاق قولاق، سەنمۇ خەقنىڭ بالىلىرىدەك بىغەرەز، لايغەزەل، قولاق كەستى بولساڭ بولمامدۇ! — دەپ كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ سۆزلەيتتى دادىسى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلماي، دادا. مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرمىسەڭلا بولدىغۇ، — دەيتتى بالىسى

بىپەرۋالىق بىلەن كالچىيىپ.

ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشۇپ ئەمدىلا بىر دوق-مۇشتىن قايرىلىشقا ۋىجىك ھەم پاكار، دومچىيىپ ئۆلەيلا دەپ قالغان بىر قىرى ئۆزىدەك تۆت پارچە كىلد-دىغان تامدەك بىر يىگىتنى قوغلاپ يورۇپ ئۇر ۋۇۋاتات-تى.

— شۇ ھالىڭغا مەن بىلەن نوچىلىق تالاشقۇدەك بولدۇڭما، ھەي ئاۋاق! ئۆزۈڭچە تېخى ئادەمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك سالام قىلىپ يۈرگىنىڭنى! — ئۆلەرمەن قىرى شۇنداق دىگەچ پۈرژىنىدەك قاڭقىپ تۇرۇپ تەم-بەل يىگىتنىڭ ياڭىقىغا نەچچە مۇشت سىلىۋەتتى. تەم-بەل يىگىت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆلەرمەن قىرىغا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىر «تىرىڭگىدە» ئۇچۇپ كەتتى. قىرى شۇندىلا ئاچچىقى بېسىلغاندەك بولۇپ، يىگىتكە بىگىز قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— مۇنىڭدىن كېيىن ماڭا سالام قىلىدىغان بول-ساڭ، ئۆلمەس قىلىۋېتىمەن، — دېدى-دە، قوللىرىنى قىيقىشتۇرۇپ، دومچەيگىنىچە كەينىچىلەپ كېتىپ قال-دى.

بۇ ئىشنى كۆرۇشۇپ ھەيران بولۇشقىنىدىن ئۇلار-نىڭ ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قىلىشتى. دەل شۇ چاغدا تېخىمۇ قىزىق ئىش يۈز بېرىپ، ئۇدۇلدىكى كوچىدىن كىچىككىنە بىر ئاسلان يوغان بىر بۆرە ئىتنى تېپىرلد-تىپ قوغلىغىنىچە چىقىپ كەلدى. بىچارە ئىت قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇدۇل كەلگەنلا بىر تامغا ئېسىلىپ نىرىغا

ئارتىلىپ چۇشۇپ كەتتى. ئاسلانمۇ تاپ بىسىپ چۇشۇپ كېتىپ هايالدىمايلا ئىتنىڭ ئىچىننىشلىق كاڭشىلى-رى، ئاسلاننىڭ غالجىر لارچە مىياڭلاشلىرى ئاڭلاندى.
— هەي، هەي، راستلا هەممە ئىش تەتۈركەن جۇمۇ بۇ جايدا، — دەۋەتتى كىمدۇر بىرى تېنى شۇر-كۇنگىنىدىن ئىختىيارسىزلا.
بۇ چاغدا باياتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان مۇشۇ يەرلىك بىر كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:
— سىلەر بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشىمامسىلەر؟
— هە، شۇنداق، شۇنداق، — دېدى قۇۋان باتۇر.
— ئاسلاننىڭ ئىتنى قوغلاپ يۈرگىنىگە قاراشلى-رىڭلاردىنلا بىلىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ سىلەرنىڭ شەهىرىڭلارغا بېرىپ باققان، هەممە ئىش، هەممە نەرسەڭلار تەتۈركەن، كۆنەلمەي يېنىپ كەلگەن. بۇ يەردىكى ئىشلارمۇ سىلەرگە تەتۈر تۇيۇلۇشى مۇم-كىن، ئەمما بىزگە ئوڭ. بۇ يەردىچۇ، قويلار گۆش، يولۋاسلار چۆپ يەيدۇ. كىچىككىنە چۇجىلەرمۇ ئۆيدەك يوغان پىللارنى قوغلاپ يۈرۈپ چوقۇيالايدۇ. ئادەملەر تۇغۇلۇشىدا ئەقىللىق، چوڭ بولۇپ ئوقۇغانسېرى دۆت-لىشىپ بارىدۇ. كىم ئەڭ دۆت بولسا، شۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ بېرىلىدۇ... يەنە بار تېخى، قىشنى ياز، يازنى قىش دەيمىز. سىلەر يازغا ئامراق بولغىنىڭ-لار بىلەن، بىزنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق قىشلا بولىسكەن دەيمىز. سىلەر هويلاڭلارنى سۇپۇرۇپ سۇ چاچقىنىڭلار بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردە هويلىلارغا پات - پات ئەخلەت چېچىپ تۇرىمىز، ئەڭ سەتلەرنى گۇزەل دەپ

ماختايمىز، چىرايلىقـلارنـى سەت دەپ تىلـلاپ كـۈن بەرمەيمىز...

ئۇ كىشى بىرمۇنچە سۆزلىگەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ يەر-لىكلەر خوشلاشقاندا ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ خوشلىشى-دىكەن.

ئۇلار ئازراق ماڭغانىدى، بىر كۆۋرۈك ئۇچرىدى. ئەمما، كۆۋرۈك يولنىڭ ئۇستىگىلا سېلىنغان، ئۇ-نىڭـدىن ئۆتىدىغـان نە بىرەر ئېقىن، نە بىرەر ئازگال كۆرۈنمەيتتى.

«تۇپتۇز يەرگىمۇ كۆۋرۈك سېلىپ يۈرگىنىنى ما-ۋۇ ئەخمەقلەرنىڭ.»

ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تېخىمۇ ھەيران بولۇش-تى. ئالدى تەرەپتىكى كۆۋرۈك چۈشۈشكە تېگىشلىك ئېقىنغا كۆۋرۈك سېلىنمىغانىدى. ئېقىندىن كېچىپ ئۆتۈپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

ئۇلار يەنە ئازراق ماڭە - ماڭمايلا بەش ئادەم قې-تىلغان، بىر ئۆچكە ھەيدىگەن خادىك كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا توختىدى.

— خادىككە چىقماڭلار! — دېدى ئۆچكە.

ئۇلار خادىككە چىقىشى بىلەنلا، ئۆچكە قامچىسى-دىن قارس چىقىرىپ: «دىرت، چۇھ!» دېدى. شۇئان ھېلىقى بەش ئادەم خادىكنى ئۇچقاندەك سۆرەپ يۈرۈپ كەتتى.

— ماڭا بۇ يەر بەكلا غەلـىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ، —

www.uyghurkitap.com

دېدى زۇمرەت.

— تېزرەك چىقىپ كەتسەك بولاتتى، — دېدى ئايچەچەكمۇ.

ئۇلار ماڭە ـ ماڭە بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ جايغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىشقانلىقىنى كۆرۈپ، «نېمە ئىش بولدىكىن كۆرۈپ باقايلى» دەپ ئىتتىك شۇ تەرەپكە بېرىشتى. بۇ يەر جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان ئورۇن ئىكەن. دارغا ئېسىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەمنىڭ بېشىغا قارا قاپ كىيگۈزۈلۈپ، بوينىغا سىرتماق سېلىنىپ، ئېسىلىشقا تەخ قىلىپ قويۇلۇپتۇ.

جاكارچى جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى جاكارلىماقتا ئىدى:

— بۇ جىنايەتچى ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ ئادەم ئۇرۇپ باقمىغان، بىر يۈز ئىككى قېتىم تاياق يېگەن، ئۈچ قېتىمدا قاتتىق يارىلىنىپ بىر ئايدىن ئارتۇق يېتىپ داۋالانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئون ئىككى قېتىم مال ـ مۈلكىنى ئوغرىغا بەرگەن. خاتا تەربىيىنى تولا بېرىپ، نۇرغۇن ئەسكى باللارنى ياخشى قىلىۋەتكەن. ئەڭ قەبىھ جىنايىتى شۇكى، قېرى ئانىسى ئۆلىمەن دېسە، تولا داۋالىتىپ ئۆلگىلى قويماي، ئۆمرىنى ئون يىل ئۇزارتىۋەتكەن... ئۇنىڭغا ئاۋامنىڭ غەزىپى كۈچلۈك، جىنايىتى بەك ئېغىر. شۇڭا، شەرئى مەھكىمەمىز ئۇنىڭغا دارغا ئېسىش جازاسى بېرىشنى قارار قىلدۇق.

بىچارە جىنايەتچى ئەنە شۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن دارغا ئېسىلدى. بۇ يەر دېگەن تەتۈرلەرنىڭ ماكانى تۇرسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! ؟

ئۇلار بىگۇناھ دارغا ئېسىلغان بۇ بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىشىپ، ئاغزىدىن چىقىرالماي يولىغا راۋان بولۇشتى.

ئۇلار چوڭ بىر كوچىغا كىرىشىگىلا «يۇرتىمىزغا كەلگەن ئەرزىمەس مېھمانلارنى قارشى ئالايمىز!» دېگەن خەت يېزىلغان پلاكاتلارنىڭ ئېسىقلىقلىقنى كۆرۈشتى. بۇ ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىدى.

بىراق، ئۇلارغا ياقمىغىنى يول - يوللارغا ئەخلەت - چاۋارلار چېچىۋېتىلگەن، ھەممىلا يەرنى مەينەتچىلىك، سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى.

يولنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇلارنى قارشى ئالغىلى چىققان كىشىلەر تولۇپ كەتكەن، توختىماي: «مېھمانلارنى قارشى ئالايمىز! مېھمانلارنى قارشى ئالايمىز!» دەپ توۋلاشماقتا ئىدى.

ئۇلار يېقىن بېرىشىغىلا، ئىككى تەرەپتە تۇرغان كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ ھەدەپ تۈكۈرۈشۈپ، مىشقىرىشقىلى تۇرۇشتى. يۇندا چېلەكنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ كېلىپ ھەدەپ يۇندا چاچقىلى تۇردى.

— بۇ، بۇ نېمە قىلىق؟ — دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى قازلىق لاپچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— بۇ دېگەن مېھمانلارنى قارشى ئالغىنىمىز، — دەپ چۈشەندۈردى مۇشۇ يەرلىك بىرەيلەن، — بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئۈستىۋېشىغا توكۇرۇك - مىشقىرنقلار قانچە كۆپ چۈشسە، قانچە مەينەت قىلىۋەتسەك شۇنچە ئەزىزلەنگىنى ھېسابلىنىدۇ. «سىلەرنى كېلىدۇ» دەپ كوچىلارغا ئەخلەتلەرنى ئاران دېگەندە چېچىپ بولدۇق. ماۋۇ چېچىۋاتقىنىمىز نەچچە كۈندە ئاران يىغقان يۇندىلار.

— قۇرۇپ كەتسۇن مۇنداق ئۆرپ - ئادەتلىرىڭلار! — دەۋەتتى يۇزىگە شالاققىدە خەپرۇك چاپلاشقان قوۋان باتۇر ئاچچىقىدا، — يۇرۇڭلار، بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتەيلى!

— راست، راست، تېز قاچايلى! بولمىسا بىزنى ئەۋرەزگە ئايلاندۇرۇۋەتكۇدەك بۇ خەق.

شۇ گەپ بىلەن بۇ يەردىكى مەينەتچىلىككە چىداپ بولالمىغان ھەممەيلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا بەدەر قاچتى.

— ھەي، توختاشما! توختاشما دەيمەن! — دەپ كەينىچىلەپ مېڭىپ قوغلاپ كېلىشتى بىرنەچچە تەتۈرلەر، — سىلەرگە ئاتاپ تەييارلىمىغان زىياپەتنى كىم يەيدۇ، پۇلىنىچۇ، كىم تۆلەيدۇ؟!...

— زىياپىتىڭنى چېكەڭگە تېڭىش، — دېيىشتى ئۇلار تېز قېچىش ئۈچۈن ئالدىچىلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ. تەتۈرلەر ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشمەكتە، «ھەي، ھەي

مېهمانلار، بىزنى مېهمان قىلىۋېتىپ نەگە بېرىش-
ساڭ بېرىش! » دەپ ئاغىل - تاغىل توۋلاشماقتا ئىدى.
ناۋادا تەتۈرلەرمۇ ئالدىچىلاپ يۈگۈرگەن بولسا ئۇلارنى
تۇتۇۋالغان بولاتتىمىكىنتاڭ؟

ئۇلار تەتۈرلەر شەھىرىدىن مىڭ بالالىقتا ئاران
قېچىپ چىقىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن قارناقلىق لاپچى
سۆزلىگەن لاپمۇ تۈگەپ، ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى قاش
دەرياسى بويىدىكى توقايلىقتا كۆرۈشتى.

— قانداق؟ مەن بىلەن لاپتا بەسلىشمەن دېسەڭ،
تۈكۈرۈككە كۆمۈلۈپ كېتىسەن مۇشۇنداق، — دېدى
قارناقلىق لاپچى گىدىيىپ. بۇ گەپ بىلەن باياتىن بېرى
تولا كۈلۈپ بېقىنلىرى ئاغرىپ كېتىشكەن خالايىق ئۆز-
لىرىنى تۇتۇۋالالماي يەنە كۈلۈپ كېتىشتى.

— تەن بەردىم، تەن بەردىم. لاپنى راست قاملاش-
تۇرۇپ ئاتىدىكەنسەن ، — دېدى قازلىق لاپچى قارناق-
لىق لاپچىغا قول بېرىپ، — بىراق، ساڭا بىر گەپنى
دەپ قويغۇم كەلدى.

— نېمە گەپ؟ ئېيتە!

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى تەتۈرلەر شەھىرىگە
باشلىساڭ، ھەرگىز ئاياغ باسمايمىز. سەنمۇ ئېزىپ -
تېزىپ ئۇلارنى باشلاپ كەلگۈچى بولما. بولمىسا بىزمۇ
تەتۈرلەرگە ئايلىنىپ، سېنى كۆرسەكلا تۈكۈرۈپ ئارام
بەرمەيمىز.

بۇ گەپ بىلەن يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ ئىشى

ئۇلار تېكەس دەرياسى بويىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قېلىشتى. كۆپكۆك دەريا سۈيى ھەيۋەتلىك تولغىنىپ ئاقماقتا، مەيىن تاغ شامىلى غۇر ـ غۇر ئۇچماقتا ئىدى. ئۇلار قۇمساڭغۇ ساھىلنى بويلاپ دەريا دولقۇنلىرىغا يېتىشمەكچى بولۇپ خېلى يۈگۈرۈپ باقتى. بىراق، شىددەت بىلەن ئۇزاپ كېتىۋاتقان دولقۇنلار ئۇلارنى يەتكۈزەر ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاخىر يۈگۈرۈشتىن توختاپ ماڭە ـ ماڭە بىر يار تۈۋىگە كېلىپ تاقاشتى. يار لېۋىدە كىمدۇر بىرى ئەزىم دەرياغا تىكىلگىنىچە جىمجىت تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ زۇمرەتنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالماس ـ ھە؟ — دەۋەتتى ئۇ شۇڭا ئۇ كىشىنى كۆرسىتىپ.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن جىددىيلىشىپ قالدى ھەمدە دەرھال يار ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئەسلىدە ئۇ چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ، بېلى مۈكچىيىپ قالغان قاتاڭغۇر بىر بوۋاي ئىكەن. بوۋاي ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرمىگەچكە، پەستە يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىغىنىچە خىيالىنى داۋام

قىلىشۋەردى. تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇ بوۋاينىڭ زادى نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، دەرھال بەش تۇپ قوراي سىياقىغا كىرىۋالدى.

— ئۇ بوۋايغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى تۇرگۇن يېنىدىكى بىر تۇپ قورايدىن.

— ئۇ بوۋاينى كېلىنى بەك خورلىۋېتىپتۇ، بالىسىنىڭمۇ كۆيۈمى يوقكەن، شۇڭا ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالايمىكىن دەپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ قوراي.

— شۇنچىلىك ئىشقىلا ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ بوۋايدىڭ كېسىلىمۇ بەك جىق ئىكەن. پۇت - قوللىرىنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى ئاغرىيدىغان بولسا جېنىنى قويارغا جاي تاپالماي قالىدىكەن. شۇڭا، مۇنداق خورلۇق تارتىپ، خەقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلغۇچە ئۆلۈپلىۋالاي دېگەندەك قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ بوۋاي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغۇچە دەرھال تۇتۇۋالايلى! — دېدى ئايچەش بىردىنلا جىددىيلىشىپ.

— ئالدىرىمايلى، — دېدى تۇرگۇن ئۆزىنى خۇددى مويسىپىتلاردەك تەمكىن تۇتۇپ، — باشقىچە بىرەر ئامال ئويلاپ باقسامىكىن دەيمەن.

— قانداق ئامال؟ — سورىدى قالغان تۆتەيلەن تەڭلا.

تۇرگۇن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، غەلىتىلا بىر ئامالنى ئېيتتى. قالغانلار:

«قانداق بولار ـ هه؟» دېيىشىپ بۇ ئامالغا تازا ئىشى-
نەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ تۇرگۇننىڭ كۆڭلىنى دەپ
سىناپ كۆرمەكچى بولۇشتى. تۇيغۇن تۇرگۇننىڭ تەلى-
پى بويىچە ئۇنى ياردار كەپتەر سىياقىغا كىرگۈزۈپ
قويدى. شۇئان تۇرگۇن تېپىرلىغىنىچە يار لېۋىگە شىپ-
ڭاپ باردى. ئازابلىق خىياللار ئىچىدە «ئۆزىنى دەرياغا
تاشلايمۇ، تاشلىمايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان
بوۋاي بۇ كەپتەرنى كۆرۈپ قالدى-دە، «ئۇنى دەرياغا
چۈشۈپ كەتمىسۇن» دەپ دەرھال تۇتۇۋالدى.

بوۋاي كەپتەرنىڭ بىر قانىتىنىڭ سۇنغانلىقىنى،
يەنە دۈمبىسىدىن سىرغىپ قان چىقىۋاتقانلىقىنى
كۆردى.

«بىچارىنى لاچىن سوققان ئوخشايدۇ» دېدى بوۋاي
قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان كەپ-
تەرنى مېھرىبانلىق بىلەن بوشقىنە سىلاپ. ئاندىن ئۇ
بىردىنلا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئازابلىق بىر پەيتتە مۇنۇ
ياردار كەپتەرگە يولۇقۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران
قالدى.

«بۇ دۇنيادا ماڭىمۇ ھاجىتى چۈشىدىغان جان بار-
كەن ـ هه؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ چۈشىنىكسىز
خىياللارغا چۆمگىنىچە. ئەمدى بۇ بىچارە كەپتەر ئۆزى-
دىن بېقىش تەلەپ قىلىپ مۆلدۈرلەپ تۇرسا، ئۇنى
ئۆلۈمگە تاشلاپ بېرىپ ئۆزى قانداقمۇ ئۇ دۇنياغا كېتە-
لىسۇن؟

«بۇمۇ خۇدايىمنىڭ ماڭا بۇيرۇغىنىدۇ؟ بوپتۇ،

ئاۋۋال بۇ بىچارىنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ ساقايتاي. ئاندىن ياشاش، ياشىماسلىق ھەققىدە يەنە ئويدانراق ئويلىنىپ باقارمەن.» بوۋاي شۇ ئوي بىلەن كەپتەرنى كۆتۈرۈپ ئاستا ئۆيىگە قايتتى. تۇيغۇن تۆتەيلەن بوۋايغا چاندۇر-ماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، بوۋاينىڭ ھويلىسىغا بېكىندى.

بوۋاينىڭ ياردار كەپتەرنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كېلىنىنىڭ يەنە كۆزى يۇمۇلۇپ، ئاغزى ئېچىلدى:

— بىر ئۆلەرمەننىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتساق، ئەمدى چولاق كەپتەرنى ئەكېلىپ ئۇنىمۇ تەڭ باقسۇن دەمدىكىنە بۇ ئۆلمەيدىغان قېرى دەللە. ئۆي ئىچىنى پوق - سۈيدۈككە مىلەپ بۇلغىۋېتىدىغان بولدى...

ئايالنىڭ قولاق - مېڭىسىنى يەپ چالۋاقاشلىرىغا چىدىمىغان ئەر ئاچچىق ھەسرىتىدە ئاخىر بوۋاينىڭ قېشىغا گۇرسۇلدەپ كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ قېشىدا تۇگۇلۇپ ياتقان كەپتەرنى ئېلىپلا سىرتقا ماڭدى.

— ئۇنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — سورىدى بوۋاي ئور-نىدىن ئىتتىك تۇرالمىغاچقا قوللىرىنى سوزۇپ.

— ئاچچىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن! — دېدى ئوغ-لى زەردە قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا مېنىمۇ قوشۇپ ئاچچىقىپ تاشلاپ بەر!

بوۋاي ئۆمىلەپ دېگۇدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىغا چىقتى ۋە ئوغلىنىڭ قولىدىن كەپتەرنى تارتىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

نېرىدا كېلىنى خۇددى رەقىبىگە ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان چۈجە خورازدەك ھۈرپىيىپ قاراپ تۇراتتى بۇ قورۇدا يەنە بىر مەيدان جەڭگە ـ جېدەلنىڭ باشلىنىدىغانلىقى بوۋايغا ئايان ئىدى. ئەمدى بولدى، ئۇنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى كەتكەن. ئىلگىرى، «بولدىلا، مۇشۇلارغا خار بولغۇچە ئۆلۈپلا قۇتۇلاي!» دېگەن، مانا ئەمدى مۇنۇ چولاق كەپتەر تۇرۇپتۇ، شۇنى دەپ بولسىمۇ ياشىمىسا بولماي-دۇ. ئەمدى بۇ ۋاپاسىزلارنى تاشلاپ چىقىپ كەتكۈلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىمۇ راۋا ئىش ئەمەس.

بوۋاي ئاخىر كەپتەرنى قۇچاقلىغىنىچە خوشلاشمايلا قورۇدىن چىقىپ كەتتى. كوچىدا كېتىۋېتىپ ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۇرۇشۇۋات-قانلىقى ئاڭلاندى.

بوۋاي شۇ ماڭغىنىچە مەھەللە سىرتىدىكى ئىلگىرى ئۆزى مومىيى بىلەن بىللە ئولتۇرغان ئۆيگە كەلدى. ئۇزاقتىن بېرى بۇ ئۆيدە ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغاچقا، ئۆي ئىچىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى بېسىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئۆي ئىچىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، پۇچۇق بىر ھېجىرنى تېپىپ كەپتەرگە سۇ بەردى. كەپ-تەر راسا ئۇسساپ كەتكەن چېغى، سۇدىن بىرنەچچە ئوتلىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا دان بەرمىسە بولمايتتى... بىراق، بوۋاينىڭ پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ ھېچ ماڭغۇچىلىكى قالمىغانىدى. شۇڭا، كەپتەرنىڭ

قىشىدا داق يەردىلا يىتىپ بىردەم ئارام ئالدى.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا قەدىردان مومىيى كەلدى. مومىيى بىلەن ئىككىسى خۇدايىم بەرگەن تۆت ئوغلىنى يىمىگىنىنى يىگۈزۈپ، كىيمىگىنىنى كىيگۈزۈپ، ئارزۇلاپ چوڭ قىلغانىدى. ئەمما، بۇ نائەھلىيلەر بىر - بىرىدىن تاش يۈرەك، كۆيۈمسىز چىقىپ قالدى. بىرى ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىندانغا چۈشتى. قالغان ئۈچىمۇ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان هارام تاماقلاردىن بولۇپ ئۆستى. مومىيى ئۆلۈپ، ئۇ بالىلىرىنىڭ قولىغا قالغاندىن بىرى هېلى ئۇ ئوغلىنىڭ، هېلى بۇ ئوغلىنىڭكىدە سۆرىلىپ يۈرۈپ، ئىتتىن خار، پوقتىن سېسىق ياشىدى. نەچچە قېتىم ئۆز بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ يالغۇز ياشىماقچىمۇ بولدى. بىراق، قېرىغىنىدا بۇنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايدىكەن. يە خۇدايىم ئالىدىغان ئامانىتىنى ئالمايلا قويىمىدى.
بوۋاي شۇ ياتقىنىچە كۆزلىرى ئىلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. بىردەم ئۇخلىغاندىن كېيىن دولىسى قورۇلغاندەك بولۇپ ئويغىنىپ كەتتى. كەپتەرمۇ ئاچلىق دەستىدىن دۈگدەرەپ بويىنىنى قىسقىنىچە ئۆزىگە مۆلۈلدەپ قاراپ تۇراتتى.
— هەي جانىۋار، قورسىقىڭ ئېچىپ كېتىپتۇ-هە، سېنىڭ؟ — دېدى بوۋاي كەپتەرنى خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ، — ئۆيدە تۇرۇپ تۇر، مەن ساڭا يەم تېپىپ كىرەي. چاتاق قىلماي جىم تۇر جۇمۇ! بولمىسا ئوغرى مۇشۇكلەر يەپ كېتىدۇ.

بوۋاي تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىنى رۇسلاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقتىن كەپتەرگە بىر ئوچۇم دان تېپىپ كىردى. كەپتەر دانلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۇ ئىچتى، ئاندىن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ تۈگۈلۈپ ياتتى. بوۋاي ئۇنىڭ قانىتىنى تۈزەشتۈرۈپ تېڭىپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا بىرى «قارا!» دېگەندەك قىلىپ قالدى. قارىغانىدى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گىلەم سېلىنىقلىق، گىلەم ئۈستىدە شىرە قويۇقلۇق، شىرەدە ئوخشىتىپ ئېتىلگەن بىر تەخسە لەڭمەن بىلەن قىزىق دەملەنگەن بىر چۆگۈن چاي ۋە بىر تال پىيالە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«ۋايتوۋا! بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» دېدى بوۋاي ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قايتا قاراپ. دەرھەقىقەت كۆرگەنلىرى راست ئىدى. «بەلكىم بۇمۇ خۇدايىمنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىدۇر!» دەپ ئويلىدى بوۋاي. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قورسىقىمۇ راسا ئاچقانىدى، شۇڭا نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا شىرەگە كەلدى-دە، لەڭمەننى ئىشتىھا بىلەن راسا ھوزۇرلىنىپ يېدى. لەڭمەننى يەپ، چاينى ئىچىپ بولۇشى بىلەنلا ھەممە نەرسە يەنە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ياردار كەپتەرنى بېقىشقا ئەرمەك بولۇپ، كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەس بولدى. قىزىق يېرى، ھەر قېتىم كەپتەرگە دان، سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ

ئالدىغىمۇ ئۇ ئويلىغان تائام تەييار بولۇپ تۇراتتى.

بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، كەپتەرنىڭ قانىتىمۇ ئۇچۇشلىنىپ يېقىن ئارىغا ئۇچالايدىغان بولدى. ئەمما، بوۋاي ئۇنى قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ زادىلا تالاغا چىققىلى قويمىدى. ئاخىر بىر كۈنى كەپتەر بوۋاي-نىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشىكتىن «پۇررى-دە» سىرتقا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئەمدى ئۇ قېچىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، كەپتەر ئېتىزلىق تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپ ھايالدىمايلا قايتىپ كەلدى.

«قارىغاندا، بۇ كەپتەر ماڭا ئۆرە بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى كەتمىگۈدەك؟» دەپ ئويلىدى بوۋاي ھەمدە دەر-ھال تۇتۇش قىلىپ پېشايۋانغا ئۇنىڭغا ئۇۋا ياساپ بەر-دى. كەپتەر ئاستا - ئاستا ئۇ ئۇۋىغا كۆندى.

كېيىنچە ئۇ كەپتەر باشقا ياۋا كەپتەرلەرنىمۇ باش-لاپ كېلىپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇۋىدا يېڭى تۇخۇم-دىن چىققان باچكىلارنىڭ چىر - چىر بىلداشلىرى، كەپتەرلەرنىڭ «گۇك - گۇك» گۇگۇكلاشلىرى بۇ تىم-تاس قورۇغا باشقىچە تۈس ئاتا قىلىپ، بوۋاينىڭ دەرد-لىك كۆڭلىنى خۇشاللىققا چۆمدۈردى. تولا ھەرىكەت قىلىۋەرگەنلىكتىنمۇ ياكى خاسىيەتلىك تائاملارنىڭ قۇۋۋىتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ كېسىلىمۇ بارغانچە سا-قىيىپ، تېتىكلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ھەر خىل ئېسىل غىزالارنى پەيدا قىلالايدىغان كارامىتىنىڭ بارلىقىنى

ئاڭلاپ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئۇنى يوقلىغان بولۇپ كېلىشتى.

بوۋاي بالىلىرىغا نۇرغۇن قورساق كۆپۈكى بار بولىسىمۇ، يەنىلا بۇنى ئارقىغا تاشلاپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئالدىن كەپتەرلەرگە دان، سۇ بېرىپ قايتىپ كىرىپ، ئوغۇللىرىغا ئىسىل تائام كەلتۈرۈشنى خىيال قىلغانـدى، شۇئان تاۋاق - تاۋاقـلاردا بەتتە پولۇ، گۆش - قېزا، پولو - نارىن، مېۋە - چېۋىلەر پەيدا بولدى. ئوغۇللىـرى ئۆمرىـدە مۇنچىلىك ئىسىل تائام-لارنى يەپ باقمىغاچقا، تويغۇچە راسا يېيىشتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئوغۇللىرىنىڭ نىيىتى بۇزۇ-لۇپ، كەپتەرلەرنى بوۋاي بىلەن قوشۇپ ئۆيلىرىگە ئاپى-رىپ دان، سۇ بېرىپ بېقىپ باقتى، بىراق تىلىگىنى زادىلا ئىجابەت بولمىدى، شۇڭا بوۋاي بىلەن كەپتەرلەر-نى يەنە ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ قويدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، بوۋاي ئوغۇل - كېلىنلى-رىگە زادىلا خار بولمايدىغان، تېخى داۋاملىق ئۇلارنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ مېهمان قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئەمما، ھەر قېتىم هويلىدا پۇر - پۇر ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى كۆرسىلا بوۋاينىڭ قەلبىنى خى-جىللىق تۇمانلىرى قاپلايتتى: «ئەينى چاغدا نېمىشقىمۇ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ قالغاندىمەن؟ مۇنۇ كەپتەر چېغىدا قاناتلىرى سۇنۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنە هاياتتىن ئۈ-مىد ئۈزمىگەن تۇرسا، مەن ھەممە ئەزايىم ساق تۇرۇپ

مانا، نائەھلىيلىك قىلغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟ ئۇن يىغىنىڭ ئارقىسىدىن بىر كۆلكە بار دېگەندەك، مېنىڭمۇ كۆلۈپ ياشايدىغان چاغلىرىم باركەن ئەمەسمۇ. ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى دېگىنى راستتە…»

www.uyghurkitap.com

# كۇسەنلىك بالىمانچى قىز

سەۋىنچ يارغۇنچاقنى خېلى ئۇزاق چۆرىگەندىن كېيىن قولى تېلىپ بىردەم ئارام ئالدى.

«يەنە يېرىم تاغار قوناق بار، قاچانمۇ تارتىپ بولارمەن؟» سەۋىنچ شۇنداق دەپ ئويلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى، بىراق پۇتى كويۇشۇپ قالغانلىقتىن تۇرالمىدى، بېلىمۇ سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ، پۇتلىرىنى ئۇرۇپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە ئوڭشىدى. ئاندىن ئۇسساپ كەتكىنىدىن ئىشىك تۈۋىدىكى ئىۋرىقنى كۆتۈرۈپلا موزدەك سۇدىن غورتۇلدىتىپ بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى. شۇئان كۆڭلى يورۇغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى خېلى راھەت سەزدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىزلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ ياتقان بالىمانغا چۈشتى. بۇ مەرھۇم دادىسىدىن قالغان تەۋەررۇك بالىمان ئىدى. ئۆز ئاپىسى ئون يىل بۇرۇن تۇغۇتتا، دادىسى بولسا ئۈچ يىل ئىلگىرى ئوغلاقتا ئۆلۈپ كەتكەن، سەۋىنچ هازىرقى ئۆگەي ئاپىسى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىنىسى بىلەن قېپقالغاندى. «پا، پا، پاشىنىڭ دەردى، ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى» دېگەندەك، ئۇ تېخى ئون

ياشقىمۇ توشماي تۇرۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ دەردىدە، دىلى سۇنۇپ، سەبىي كۆزلىرىدىن شوخلۇق جىلۋىلىرى ئۆچكەن، دەردمەن مومايلارغا ئوخشاش مۇڭلىنىپ يۇ-رىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پەقەت ئاشۇ بالىمانلا ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشاللىقى. دادىسى كىچىك چاغلىد-رىدا قوي بېقىپ يۈرگەنلەردە بالىمان چېلىشنى ئۆگىد-نىۋالغان، سەۋەنچمۇ ئېسىنى تاپقۇدەك بولغان چاغلىد-رىدىن باشلاپلا ئۇنى چېلىشقا باشلىغان. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سەۋەنچ ئاشۇ بالىمانى يېنىدىن ئايرىماي، ئۆز ئاپىسىنى، ياش تۇرۇپلا قازا قىلىپ كەتكەن دادىسىنى سېغىنىپ تالاي - تالاي قېتىم يىغلاپ تۇرۇپ چالغان...

بىراق، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى ئۆگەي ئاپد-سىنىڭ ئۆگەيلىكى تېخىمۇ ئېشىپ، ئۇ بالىمان چالسد-لا، «ئىش قىلماي، كەچكىچە ئاشۇ ئەسكى قومۇشىڭنى پۈۋلەپ ئولتۇرامسەن!؟ قومۇش پۈۋلىگەنگە بىركىم ئاش - نان بېرەمتى؟» دەپ ئۇنى زادىلا چالغۇزمايدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ بالىمانىنى سۇندۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەقەت ئاپىسى، ئىنىد-سى يوق چاغلاردىلا چالاتتى.

«ئۆگەي ئاپام كېلىدىغانغا يەنە خېلى بار، بىردەم بالىمان چېلىۋالايچۇ!» دېدى ئۇ شۇڭا ئۆز - ئۆزىگە.

سەۋەنچ بالىمانى ئېلىش بىلەنلا بايىقى ھارغىنلىق-لارنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزى بىلىدىغان كۈيلەرگە زوق - شوقى بىلەن چېلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك

قاملاشتۇرۇپ چالدىكى، ھاياجاندىن چالغانسېرى چالغۇ-
سى كېلىپ، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلى-
قىنىمۇ سەزمەيلا قالدى.

— ھې، جىن ئەپقاچقۇر، ئىشنى تۈگەت دېسەم
تۈگەتمەي، پاسكىنا قومۇشۇڭنى پۈۋلەپ ئولتۇرۇپسەنغۇ
يەنە، — دەپ تىللاپ كەتتى ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئەرۋاھى
قىرىق گەز ئۆچۈپ، — گەپ ئاڭلىمىغان قۇلىقىڭنى
ئەكىلە بىر، كاۋىنىڭ پىلىكىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋې-
تەي.

ئۆگەي ئاپىسىنىڭ قۇلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن
سوزۇشىدىن سەۋىنچىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەت-
تى. بىراق، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا ئاچچىقى
بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ، سەۋىنچنى بىرمۇنچە
دۆشكەللەپ تىللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى بالد-
امانىنى يۇلۇپ ئېلىپ:

— مۇشۇ ئەسكىلىكىڭنى كۆزۈڭدىن يوقاتسامغۇ
ئاندىن تىنچلىنارسەن، سەن ياغاچ قۇلاق، — دېگىنىچە
يەرگە ئېتىپ دەسسەپ مىجىۋەتتى.

بىچارە سەۋىنچ قەدىناس بالىمانىدىن ئايرىلىپ قال-
غىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش
تۆكتى. لېكىن، ئۆگەي ئاپىسىدىن قورقۇپ ھېچنېمە
دېيەلمىدى.

— ماڭ، يارغۇنچاقنىڭ قېشىغا بار! چۈشكىچە
تۈگەتمەيدىغان بولساڭ، بوينۇڭنى غورىنى ئۈزگەندەك
ئۈزۈۋېتىمەن! — دېدى ئۆگەي ئاپىسى ئوغلىنى



www.uyghurkitap.com

ئۇخلاتقىلى ئېلىپ كىرىپ كېتىۋېتىپ.

بىچارە سەۋىنچ قورققىنىدىن ئۇششۇك تەگكەن ھە-رىدەك تۇگۇلدى. يەردە نالە قىلىپ ياتقان بالىماندىن مىڭ تەستە كۆزىنى ئۈزۈپ، يارغۇنچاقنىڭ قېشىغا باردى.

ئۇ بىر قولىدا قوناق سېلىپ، بىر قولىدا يارغۇن-چاقنى چۆرىمەكتە، ئازابلىق ياشلىرى غۇبارسىز كۆز-لىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

يارغۇنچىقىم، يارغۇنچاق،
دەردىم تولا بىر قۇچاق.
ئۆز ئانامنىڭ بارىدا
مەن ئىدىمغۇ كۆزمونچاق.

يارغۇنچىقىم، يارغۇنچاق،
دەردىم تولا بىر قۇچاق.
ئۆز ئاتامنىڭ بارىدا
مەن ئىدىمغۇ كۆزمونچاق.

...

ئۆگەي ئاپىسى بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ چىق-قىپ، سەۋىنچنىڭ يارغۇنچاقنى چۆرگىلەتكىنىچە يىغ-لاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى-دە:

— ھوي يېتىمەك، نېمەڭگە يەنە سۇيدۇكىڭنى ئې-قىتىپ ئولتۇرىسەن؟! پەيلىڭنىڭ يامانلىقىدىن ئاناڭ بىلەن ئاتاڭنىمۇ ئۆلتۈرۈپ بولدۇڭ. ئەمدى مېنىڭمۇ

بېشىمغا چىقاي دەمسەن، جۇۋاينىمەك؟! بېشىڭنى يەر-
سەن ئىلاھىم! — دېگىنىچە يۇگۇرۇپ كېلىپ سەۋىنچ-
نىڭ بېشىغا بىرنەچچىنى نوقۇۋەتكەندىن كېيىن، تىپ-
كىپ قويغان تۇماقلىرىنى ئېلىپ بازارغا ماڭدى.

— ئۇكاڭغا تاماق تەييارلاپ قويدۇم، چۇشتە بې-
رىشنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى
كۆرىسەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۆگەي ئاپىسى ئى-
شىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

بىچارە سەۋىنچ ئۆگەي ئاپىسىنى قايتىپ كىرىپ
يەنە ئۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، يارغۇنچاقنى تېز - تېز
چۆرۈشكە باشلىدى. بىراق، كۆز ياشلىرىنى ھەرقانچە
سىڭدۇرۇپمۇ، سىڭدۇرۇپ بولالمىدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا مېھرىبان ئانىسى كې-
لىۋالدى. ئانىسى چەكسىز مېھرى بىلەن قولىنى سو-
زۇپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەكچى بولاتتى.
بىراق، ئۇ ھەرقانچە مېڭىپمۇ زادىلا كېلىپ بولالمىدى.
ئاندىن سەۋىنچنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا كۆيۈمچان دادى-
سى كۆرۈنۈپ كەتتى. دادىسى ئوغلاق تارتىۋېتىپ ئات-
تىن يىقىلىپ دەسسىلىپ كەتكەنلىكتىن، يۈز - كۆز-
لىرى قان، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. «سېنى،
سېنى تەڭرىمگە تاپشۇردۇم» دېيەلىدى ئۇ تىنىقتىن
قېلىۋېتىپ ئارانلا. «دادا!» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلى-
ۋەتتى سەۋىنچ بىردىنلا. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەردە پارە -
پارە بولۇپ ياتقان بالىمانغا چۈشۈپ قالدى. بالىمان
بەئەينى ئەينى چاغدىكى ئاتلارنىڭ تۇيىقىدا دەسسىلىپ

قانغا مىلىنىپ ياتقان دادىسىنىڭ ئۆزى ئىدى…
سەۋىنچ يىغلاپ - يىغلاپ ئاخىر يەنە ئۆگەي ئاپى-
سىنىڭ تىللاپ - ئۇرۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، يارغۇن-
چاقنى چۆرۈشكە باشلىغاندا، تويۇقسىز «تىرىس - تى-
رىس» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز
دەل ھېلىقى سۇنۇپ يەردە ياتقان بالىماندىن كېلىۋاتات-
تى. سەۋىنچ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي بالىمانغا
قارىدى. بالىماننىڭ سۇنۇقلىرى ئۆزلۈكىدىن جۇپلى-
نىپ، «تىرىس - تىرىس» ئاۋاز چىقىرىپ ئەسلىگە
كەلمەكتە ئىدى.
سەۋىنچ بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قال-
دى. راستتىنى ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا شۇ تۇرگۇن بەشەي-
لەننىڭ كارامىتى بىلەن بولۇنۇۋاتقان ئىش ئىدى…
ئاخىر بالىماننىڭ سۇنۇقلىرى تولۇق جۇپلىنىپ
ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى-دە، تويۇقسىز «لىككىدە» كۆ-
تۈرۈلدى.
سەۋىنچ بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بى-
لەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، بالىمان ئۇنى تېخىمۇ
تاڭ قالدۇرۇپ، ئۆزىچىلا شوخ كۈيلەرگە چېلىنغىلى
تۇردى. سەۋىنچ بۇ كۈيلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ئۆزىمۇ بىلمى-
گەن ھالدا يارغۇنچاقنى تاشلاپ، قوزىچاقلاردەك تاقلاپ
ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.
— يۇر، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى بالىمان ئۇنىڭ
پېشىدىن تارتىپ.
— نەگە؟

www.uyghurkitap.com

— بۇگۇن دىگەن كۇسەن شاھزادىسىگە ئىسىم قو-
يۇلىدىغان قۇتلۇق كۇن. شۇنىڭ شەرپىگە تۇرمىدىكى
مەھبۇسلارمۇ ئازاد قىلىنىپتۇ، يەنە كۇسەن دەرياسى
بويىدا پۇتكۇل كۇسەنلىكلەرگە كاتتا مەرىكە ئۆتكۇزۇپ
بېرىلىدىكەن. شۇ تاپتا بۇ مەھەللىدىكى باللارنىڭ
ھەممىسى شۇ يەرگە ئويىنىغىلى كېتىشتى، — دېدى
بالىمان.

بۇنى ئاڭلاپ سەۋىنچىنىڭمۇ ھازىرلا كۇسەن دەرياسى
بويىغا قۇشلاردەك ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىپ كەتتى. بى-
راق، يېرىم تاغار قوناقنى يارما قىلىپ بولمىسا،
ئۆگەي ئاپىسى كېلىپ ئۇرۇپ كېتىدۇ. يەنە ئىنىسىغا
بۇلماق يېگۇزمىسە بولمايدۇ-دە...

بالىمان ئۇنىڭ بۇ ئويىنى بىلىپ بولدى-دە،
شۇئان:

— خاتىرجەم كېتىۋەر، قوناق ئۆزى يارما بولىۋې-
رىدۇ، — دېدى. دېگەندەك شۇ گەپ بىلەن تەڭلا قوناق
ئۆزلۇكىدىن قۇيۇلۇپ، يارغۇنچاقمۇ ئۆزلۇكىدىن چۆر-
گىلەشكە باشلىدى.

بۇنى كۆرۇپ سەۋىنچىنىڭ راستىنلا قانغۇچە بىر
ئويناپ كەلگۇسى كېلىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئويۇن دېسە
ئۆزىنى ئاتمايدىغان بالا يوق - دە.

«بوپتۇ، ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىنىمغىمۇ ئۇزاق زا-
مانلار بوپتۇ. ئىنىم ئويغانغىچە بېرىپ كېلەيچۇ!»

بالىمان ئۇنى يېتىلەپ بىر دەمدىلا چوڭ يول بويىغا
ئېلىپ چىقتى. ئەتراپ يېشىلچىللىققا، قۇشلار زوق -

شوقى بىلەن سايراشقا باشلىغان، ھەممىلا يەردىن كۆ-
ڭۈلنى ياشارتقۇچى باھار ھىدى كېلىپ تۇراتتى...
كىشىلەر چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، كۆ-
سەن دەرياسى بويىغا ئالدىراش كېتىشىۋاتاتتى. پىيادىلەر-
مۇ، ئاتلىق، ئېشەكلىكلەرمۇ، ھارۋىلىقلارمۇ،
چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ بار ئىدى. ھەممىلا ئادەمنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

سەۋىنچنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، بۇنىڭدىن تۆت يىل
ئىلگىرى دادىسى ئۇنى ھارۋا بىلەن ئاشۇ كىشىلەر كې-
تىۋاتقان دەريا بويىغا بىر قېتىم ئاپارغان. ئۇ كۈنى
كاتتا بازار كۈنى ئىدى، سەۋىنچ ئويناپ - ئويناپ قانماي
قالغانىدى.

بالىماننىڭ يېتەكلىشى بىلەن سەۋىنچ بىردەمدىلا
دەريا بويىغا يېتىپ باردى. دەريا بويى ئادەم دېڭىزىغا
ئايلانغان، ئۇ تۆت يىل ئاۋۋال كۆرگەندىن نەچچە ھەسسە
ھەيۋەت ئىدى.

— بۇگۈن كۈسەن ئېلىدىكى ئەلەمپەز، قەلەمپەز،
ئەلنەغمىچى، قىزىقچى، مەدداھ، ھاپىزدىن تارتىپ
كەپتەرۋاز، قىمارۋاز دېگەندەكلەرگىچە ھەممىسى يىغى-
لىدۇ. توققۇز جايغا بەزمە - باراۋەت قۇرۇلۇپ، توققۇز
يۇرتتىن تاللانغان كارامەت ئىگىلىرى بەيگىگە
چۈشىدۇ، — دېدى بالىمان چۈشەندۈرۈپ.

يول بويى پىشۇرۇلغان ياڭيۇ، قىزارتىلغان تو-
خۇم، گۆلە، ئېگەر - جابدۇق، كۇچا سوپۇنى،
تۇماق... دېگەندەك خىلمۇخىل نەرسىلەرنى يېيىپ

ئولتۇرغان سېتىقچىلار، يۇمشاق توپىغا مىنىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ دۇنيادىن بىغەم ئويناپ يۈرگەن باللار. يەنە قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ هاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى، توخۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرى، سېتىقچىلارنىڭ خېرىدار توۋلاشلىرى قوشۇلۇپ دەريا بويى ئاجايىپ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى.

سەۋىنچ مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم يىغىلغان بۇنداق كاتتا مەرىكىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، خۇشال بولغىنىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمايلا قالدى. هېلى گۈل بېسىلغان چىرايلىق خەسىلەرگە قاراپ كەتسە، هېلى غوڭ قاپاقچىلارنىڭ قاپاقلىرىنى غوڭۇلدىتىپ باقاتتى. هېلى ئۇ ئۇچقا چاپسا، هېلى بۇ ئۇچقا چاپاتتى...

ئۇ قوزىچاقلاردەك قىيغىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر ئەلنەغمىچىلەر يىغىلغان سورۇنغا كېلىپ قالدى. بالىمانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن ئۇچۇرمىلاردەك تىپىرلاشقا باشلىدى.

— كىم چېلىۋاتقاندۇ ـ هە؟ دادامنىڭ چېلىشىغا ئەجەب ئوخشاپ كەتتى، — دېدى سەۋىنچ.

— سايراملىق بەدرەم دېگەن بالىمانچى، — دېدى ئۆزىنىڭ بالىمىنى جاۋاب بېرىپ.

سەۋىنچ كىشىلەرنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئۆتۈپ يۈرۈپ ئاخىر توپنىڭ ئالدىغا چىقتى. كۆردىكى، چاچلىرى ئاقارغان بىر كىشى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بالىمان چالماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسى بولمىغىنى



www.uyghurkitap.com

بىلەن، بارماقلىرىدا بالىمانىنىڭ تۆشۈكلىرىنى بېسىش-
لىرى، ئاھاڭنى تولدۇرۇپ لەرزان ئېلىشلىرى دادىسى-
نىڭ بەئەينى ئۆزى ئىدى. سەۋىنچ بالىماندىن ياڭرىغان
يېقىملىق كۈينىڭ ئەللەيلىشىدە ئۆزىنى خۇددى دادىسى-
نىڭ كەينىدىن «دادا، دادا! مەنمۇ بارىمەن!» دەپ
ئەگىشىپ يۈرگەن غەمسىز چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك
سېزىپ، خىياللارغا چۆكتى.
— ئەمدى، سەن چېلىپ باقمامسەن؟ — دېدى
بىر چاغدا ئۆزىنىڭ بالىمىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.
— مەن؟ — دېدى شۇندىلا خىيالدىن ئۆز ئەسلىگە
كەلگەن سەۋىنچ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگى-
راپ.
— ھەئە، سەن. مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەتتە مېنى
راسا قانغۇچە بىر چېلىۋال، — دېدى بالىمان ئۇنى
سەھنىگە تۇرتكىنىچە سۆرەشتۇرۇپ.
— ياق، ياق، مەن چالالمايمەن، خەق ئاڭلىسا
كۈلىدۇ...— دەپ داجىپ تۇرۇۋالدى سەۋىنچ. بىراق،
كىملەردۇر ئىتتىرگەندەك ئۇ ئۆزىنىڭ مەيلىسىزلا
سەھنىگە چىقىپ قالدى.
— قايسى ئەدەپسىز نائەھلىينىڭ قىزى بۇ، سو-
راقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدىغان؟ — دەپ خاپا بولۇپ
كەتتى پاششاپ.
— ئاكا، بىر پۇرسەت بەرگەن بولسىڭىز، بالىمان-
نى ياخشى چالالىسام، قانداق جازا بېرىلسە رازى ئى-
دىم، — دېدى كىمدۇر بىرى. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپنى

ئايچەش دېگەندى. لېكىن، پاشىشاپ بۇنى سەۋىنچ دېيدى
دەپ چۈشەندى ھەم كىچىككىنە بىر قىزچاقنىڭ شۇنچە-
لىك تۈرگۈنلۈك بىلەن مەيدانغا چىققانلىقىدىن تەسىر-
لىنىپ «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە ئېسىل شاھا-
نە دىۋاندا ئولتۇرغان سۆلكەتلىك بىر كىشىگە قارىدى.

— ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن غەيرىتى چوڭكەن، قېنى چېلىپ باقسۇن، — دەپ ئىجازەت بەردى سۆلكەتلىك كىشى.

سەۋىنچنىڭ زادىلا چالغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، بالىمان ئۆزلۈكىدىنلا قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ، ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدۈرۈلدى. ئەمدى چالمايمۇ نېمە چارە. لېكىن، مۇشۇنداق داڭدار بالىمانچىلارنىڭ ئالدىدا بالىمان چېلىش قاملاشمىغان ئىش - دە.

سەۋىنچ ئاخىر بالىماننى چېلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە روھسىز ئاستا چالدى. لېكىن، بالىمان ئىلگىرى ئۆزى چالغاندىكىدىن كۆپ يېقىملىق چېلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەيرەتلىنىپ زوق - شوقى بىلەن چالغىلى تۇردى. ئۇ، بالىماننى شۇنچىلىك ئېسىل چېلىۋەتتىكى، بۇنچىلىك چالالايدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالدى. بۇنىڭدا چوقۇم قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ بار. مەرھۇم دادىسىنىڭ روھى يۆلەۋاتامادىكىنتاڭ؟

بالىماننىڭ ياڭراق ئاۋازى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ھەممە ئادەم پۈتۈن زېھنى بىلەن بالىماننىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ،



www.uyghurkitap.com

سەۋنچنىڭ باللىمان تۆشۈكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بېسىۋاتقان نازۇك، كىچىككىنە بارماقلىرىغا قارىشىپلا قىلىشقانىدى. دەسلەپ باللىمان تولىمۇ دەردلىك ئاھاڭدا ياڭراپ، ئاڭلاپ تۇرغانلار خۇددى قاپقاراڭغۇ كېچىدە قاپقارا قازاننىڭ تېگىدە تۇنجۇقۇپ ياتقاندەك تۇيغۇغا چۆمۈپ، يۈرىكى قاتتىق سىقىلدى ھەم ئىختىيارسىز تارام ـ تارام ياش تۆكۈشتى. ئاندىن باللىماننىڭ پەدىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ شوخ ياڭراشقا باشلىدى. بۇ چاغدا كىشىلەر تاڭ يورۇپ، ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قازان ئېلىپ تاشلانغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، بىردىنلا جانلىنىشقا باشلىدى. باللىماننىڭ ئاۋازى ھېلى تورغايلارنىڭ سايراشلىرىدەك ئاڭلانسا، ھېلى كەپتەرلەرنىڭ بۇغۇلداشلىرى، ھېلى ئېرىق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى ئەسلىتەتتى. بۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا شوخ كۈلكىلەر جىلۋىلىنىپ، ھاياجاندىن يۈرىكى تېپىرلاپ، پۇت ـ قوللىرى جىم تۇرالماي قىلىۋاتاتتى. ئادەملەرلا ئەمەس قۇشلارمۇ تەسىرلىنىپ سەۋنچنىڭ ئەتراپىغا، بېشىغا، مۈرىسىگە، قوللىرىغا ئۇچۇپ كېلىپ قونغىلى تۇردى.

باللىمان ئاۋازى كۆسەن دەرياسى بويىنى لەرزىگە سالماقتا، قۇشلار سەۋنچنىڭ بېشىنى ئايلىنىپ شوخ قىلىقلار بىلەن ئۇچۇشماقتا. كۆسەن دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىمۇ باللىمان ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ، «چولتۇك ـ چولتۇك» ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئاقماقتا. يەنە قوي، كالا، ئات ـ ئېشەك، ئۆردەك ـ توخۇلارمۇ «جىمجىت»

www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپ ئاڭلاشماقتا ئىدى...

بالىمان چىلىنىپ بولۇنىشى بىلەن قاتتىق ھاياجان-
غا چۆمگەن خالايىق ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭرىتىشىپ
كەتتى.

— مەن بىر ئۆمۈر بالىمان چىلىپ ئۆتكەن، ھېچ-
كىم مەندەك چالالماس دەپ يۈرگەن، لېكىن ئاشۇ قىز-
چاقىمۇ يېتەلمىگۈدەكمەن. بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ
بالىماننى تۇتمايمەن، — دەۋەتتى سايراملىق بالىمانچى-
مۇ سەۋىنچكە قايىل بولغىنىدىن.

سەۋىنچ ئۆزىنىڭ مۇنچىلىك ئېسىل چالالايدىغانلى-
قىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا خۇش بولغىنى-
دىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراشلىرىدىن تېخىمۇ
ھودۇقۇپ، سەھنىدىن يۈگۈرگەن پېتى چۈشۈپ
كەتتى.

— ھەي، قىزچاق! توختاپ تۇرۇڭ، ئىسمىڭىز...

پاششاپ ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ بولغۇچە، سەۋىنچ
كىشىلەر توپىغا كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن يىتتى.

— نېمىشقا قاچىسەن؟ ئىسمىڭنى سورىغاندىكىن
دەپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى بالىمىنى ئۇنىڭ ئار-
قىسىدىن قوغلاپ يېتىشىپ.

— مەن، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، —
دېدى سەۋىنچ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى
بېسىپ تۇرۇپ.

— نېمىدىن؟

— مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم قاراپ تۇرسا بەك قور-قۇنچلۇق تۇيۇلىدىكەن...

بالىمان ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم ئەگەشكەندىن كېيىن:

— يۇر، ئەمدى سېنى تېخىمۇ قايناق سورۇنغا باشلاپ باراي، — دېدى.

— نەگە؟

— شۇ تاپتا كۇسەن شاهزادىسىگە ئىسىم قويۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇنى كۆرۈپ كېلىمىز.

سەۋىنچ يا ياق، يا ماقۇل دەپ بولغۇچە بالىمان ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۇنى بىردەمدىلا كۇسەن بەگلى-كىنىڭ ئوردىسىدا ئېلىپ باردى. ئوردىدا كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. سورۇننىڭ شاهانە تۆرىدە ئاقارىپاك خان بىلەن خانىشى، ئوڭ يېنىدا ھىندىستاندىن بۇددا ئىلمى يولىدا ۋەزىرلىكتىن ۋاز كېچىپ كۇسەن ئېلىغا كەلگەن كومىراتان بىلەن كۇسەن مەلىكىسى جىۋا، سول تەرەپتە كۇسەن ئېلىنىڭ دانىشمىنى ئۇستاز پو-توشما ئولتۇراتتى. يەنە ئەمىر - ۋەزىر، راھىبلارمۇ كۆپ ئىدى.

— توققۇز يۇرتتىن كەلتۈرۈلگەن ئۇن - ياغلار بىلەن توققۇز يۇرتتىن كەلگەن توقسان توققۇز بالىنىڭ ھەممىسى تەخ بولۇپ بولدى! — دەپ جاكارلىدى جاكارچى.

شۇنىڭ بىلەن كومىراتان بىلەن جىۋادىن تۇغۇلغان

كۆسەن شاھزادىسىگە ئىسىم قويۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى. بىرمۇنچە شاھانە رەسمىيەتلەر ئادا بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستاز پوتۇشما ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقارىپاك خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئىسىم بىلەن جىسىم ماس كەلمەك كېرەك. ئىككى خاسىيەتلىك نىلۇپەر بەرگىدىن ئاپىرىدە بولغان بۇ قاشتېشىغا ئىسىم قويۇشتا، ئاتىسى كومىراتان بىلەن ئانىسى جىۋانىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامىدىن قوشۇپ كومىراجىۋا دەپ ئاتىغۇم بار. ئالىيلىرى قانداق قارايلىكىن؟ — دېدى.

ئاقارىپاك خان ئۇستاز پوتۇشمانىڭ بۇ ئاقىلانە پىكرىگە خۇشاللىق بىلەن باش لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن پوتۇشما بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا «كومىراجىۋا» دېگەن بۇ مۇبارەك نامنى قويدى. توققۇز يۇرتتىن كەلگەن توقسان توققۇز بالا كومىراجىۋانى قۇتلۇقلىشىپ، توققۇز يۇرتتىن ئەكېلىنگەن ماي - ئۇنلاردا پىشۇرۇلغان توقاچلارنى يېيىشتى. شۇ قاتاردا سەۋىنچىمۇ بۇ خاسىيەتلىك توقاچتىن بىر تال ئېلىپ يېدى. ئاندىن يەنە دىنىي قائىدىلەر بويىچە باشقا مۇراسىملارمۇ بولۇندى.

بۇ چاغدا سەۋىنچىنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئىنىسىغا تېخى بۇلماق بەرمىگەنلىكى كەلدى-دە، يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.

— تېز قايتايلى! — دېدى ئۇ شۇڭا بالىمانغا.

— نېمىشقا؟ ئويۇننىڭ ئېسىلىنى ئەمدى

كۆرىدىغان تۇرساق، — دېدى بالىمان.

— تېز بېرىپ ئۇكامغا بولماق بەرمىسەم، ئاپامدىن يەنە تاياق يەيمەن، — دېدى سەۋىنچ كېتىشكە ئالدىراپ.

بالىمان ئامالسىز ئۇنى سېپىل سىرتىدىكى چوڭ يول بويىغا ئېلىپ چىقتى. سەۋىنچ چوڭ يولغا چىقتى-دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى.

سەۋىنچ ئۆيىگە كىرىپلا ئۆزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن قاراپ تۇرغان ئۆگەي ئاپىسىنى كۆردى-دە، قورقىنىدىن يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى.

— ئۇكاڭنىڭ بولمىقىنى يېگۈزۈۋەت دېسەم يەنە نەلەردە لاغايلىق قىلىپ يۈردۈڭ، ھۇ، قەلەندەر! —

ئۆگەي ئاپىسى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ تەستىكىگە بىر شاپىلاق سالدى، — قورسىقى ئېچىپ قىرقىراپ ئېتىلىپ كېتەي دەپتۇ. زادى گەپ ئاڭلىمىدۇ، ئاڭلىمامدۇ مۇشۇ ياغاچ قولىقىڭ!

ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇپ راسا بىر تولغىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن سەل ئاچچىقى بېسىلغاندەك بولدى. لېكىن، چالۋاقاشلىرى ھېچ بېسىقاي دېمەيتتى:

— سەن دۆيۈزدىن ئەجەبمۇ تويدۇم، باقىر تۆمۈرچىگە بېرىۋېتىپلا تېنچ بولسام بولغۇدەك...

— ھە! ؟ — باقىر تۆمۈرچىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەۋىنچىنىڭ بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى، — ياق، ئاپا، ئۇنداق قىلمىغىن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىل دېسەڭ قىلاي، مېنى ھەرگىز...

سەۋىنچ ئۆگەي ئاپىسىغا يۈكۈنۈپ يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. شۇندىلا ئۆگەي ئاپىسىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى-دە:

— ماڭ، ئۇنداق بولسا ئۇكاڭنىڭ زاكىسىنى يۇيۇۋەت! — دېدى.

سەۋىنچ زاكىنى يۇيغاچ باقىر تۆمۈرچى دېگەن قېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تولا خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان ئاشۇ ئىنساپسىز قېرىنىڭ مانا ئەمدىلىكتە ئەمدىلا ئون ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان سەۋىنچكىمۇ كۆزى چۈشكەن ئىدى. ئۆگەي ئاپىسىنىڭ مەيلىچە بولسا، ئازراق مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنى ئاشۇ قېرىغا ياتلىق قىلىۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى. بۇ تېخى ئويۇنغىمۇ تۈزۈك قېنىپ باقمىغان بىر نارەسىدە ئۈچۈن نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش - ھە!

سەۋىنچ زاكىنى ئەمدىلا يۇيۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۆگەي ئاپىسى ئون نەچچە قوزا تېرىسىنى ئاچىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا «پاققىدە» تاشلىدى-دە:

— ئەمدى مۇنۇلارنى ئەيلىۋەت، — دېدى.

بۇنچىۋالا كۆپ تېرىنى ئەيلەپ بولۇشقا ئاز دېگەندە يېرىم كۈن كېتەتتى. لېكىن، سەۋىنچ ھەرقانچە ھېرىپ كەتكەن، قورسىقى ئېچىپ كۈچى قالمىغان بولسىمۇ، غىدىڭ - پىدىڭ قىلمىدى.

ئۇ بىر تېرىنى ئەمدىلا ئەيلەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز قالغان تېرىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىنلا ئەيلىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ نېمە كارامەت؟!

شۇنداق قىلىپ ئۇن نەچچە تېرە بىر دەمدىلا ئەيلىنىپ تىۋىتتەك يۇمشاق بولۇپ كەتتى.

— ئاپا، ئەيلەپ بولدۇم! — دەپ توۋلىدى سەۋىنچ.

— نېمە؟ قولۇڭنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قوتۇلماقچىمۇ سەن! — ئۆگەي ئاپىسى ئۇدۇل كەلگىنىچە ئۇنى دۈشكەللەپ كەتكەندىن كېيىن، تېرىلەرنى ئېلىپ تۇتۇپ باقتى. دېگەندەك، تېرىلەر شۇنداق يۇمشاق ئەيلەنگەندى.

— قانداقسىگە... قانداق قىلىپ...— دەپ ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى ئۆگەي ئاپىسى. ئاندىن كالللىغا بىر ئەقىل كەلدى بولغاي، بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ئاۋۇ ئۆيدە يەنە يىگىرمىدەك تېرە بار، شۇلارنىمۇ ئاچىقىپ ئەيلىۋەتكىن، — دېدى.

— نېمىدېگەن ئىنساپسىز خوتۇن بۇ! ئەجەب ئاچ كۆز ئىكەن، — دەپ غۇدۇرىدى بالىمان سەۋىنچنىڭ ئۆگەي ئاپىسى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن.

— نېمە ئامال، ئۇنىمىسام، مېنى باقىر تۆمۈرچىگە بېرىۋەتسە قانداق قىلىمەن، — دېدى سەۋىنچ ئۇھسىنىپ.

دەل شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە ئاتلىق كېلىپ توختىدى.

— ئاشۇ تېرە ئەيلەپ ئولتۇرغان قىز دەل ئۆزى شۇ! — دېدى بىر ئاتلىق قامچىسى بىلەن سەۋىنچنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

سەۋىنچ قورققىنىدىن تىترىلەرنىمۇ تاشلاپ ئىتتىك ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى.

— ھە، تىرەڭنى ئەيلىمەي نېمىگە قايتىپ كىردىڭ؟ — دېدى ئۆگەي ئاپىسى.

— جىققىنا ئاتلىقلار، — دېدى سەۋىنچ سىرتنى كۆرسىتىپ.

— نېمە؟ نەنىڭ ئاتلىقلىرىنى دەيسەن؟ — ئۆگەي ئاپىسى نېمىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي سىرتقا چىقتى ھەم ئۇن نەچچە ئاتلىقنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە قاردىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاتلىقلارنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئوردا خادىملىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن تىلى گەپكىمۇ بارماي، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— خان ئالىيلىرىدىن يارلىق! — دېدى ئالدىدا تۇرغان بىر ئاتلىق قولىدىكى يارلىقنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلاپ. يارلىقتا ئىسمى نامەلۇم بالىمانچى قىزنىڭ بالىمان چېلىپ پۈتكۈل كۈسەن ئېلىنى تاڭ قالدۇرغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن كۈسەن بېگىنىڭ ئۇنى ئوردا نەغمىكەشلىكىگە ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرغانلىقى ئېيتىلغاندى.

— بىراق، مېنىڭ قىزىم بالىمان چالالمايدىغان تۇرسا، — دېدى ئۆگەي ئاپىسى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.

ئۆيدە سىرتتىكىلەرنىڭ گېپىدىگە قۇلاق سېلىپ

تۇرغان بالىمان بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا ئۆزلۈكىدىن ئەڭ ئېسىل كۈيلەرگە چېلىنىشقا باشلىدى.

— ئۇنداق قىلما، مېنى بالاغا قويىسەن، — دەپ بالىماننى توختىتىۋالماقچى بولدى سەۋىنچ. لېكىن، بالىمان ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمەي قېچىپ يۈرۈپ چېلىنىدۇەردى.

— ئەنە بالىمان چېلىۋاتامدۇ، — دېدى بالىمان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىر ئاتلىق، — دەل ئۆزى شۇ!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆگەي ئاپىسىنىڭ «بەرمەيمەن» دېگىنىگە قويماي، سەۋىنچنى خان ئوردىسىغا ئېلىپ ماڭىدىغان بولۇشتى. ئۇ، سەۋىنچنىڭ شاھانە مەپىگە ئولتۇرۇپ ئوردىغا كىرىپ كېتىشىنى خالىمىسىمۇ، لېكىن بەرمەسلىككە نېمە ھەددى بولسۇن دەيسىز. شۇڭا، ئۇ نەپنى كۆزلەپ يالغاندىن:

— مېنىڭ دۇنيالىقتا مۇشۇ بىر تال قىزىم تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتسەڭلار قانداق ياشايمەن؟ — دەپ يىغىنى سالدى.

— سىلىنىڭ رازىلىقلىرىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز قىزلىرىنى ئەكەتمەيمىز، — دېدى بىر ئاتلىق. شۇئان بىرەيلەن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇلغان تاۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— ئاز بولسىمۇ كۆپكە تەۋە قىلغايلا، — دېدى ئۇ كىشى.

ئۆمرىدە مۇنچىۋالا جىق ئالتۇن - كۈمۈشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئۆگەي ئانىنىڭ ئاغزى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇلىقىغا يېتىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇنىڭغا يەنە ساندۇق ـ ساندۇقتا تاۋار ـ دۇردۇن، قەنت ـ گېزەكلەرمۇ سوۋغا قىلىندى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە قانداق ئىنئاملار بېرىلىدىكىن دېگەندەك ئاچ كۆزلەرچە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قولىغا تىكىلەتتى.

ئاخىر ئۇلار سەۋىنچنى ئېلىپ ماڭىدىغان بولدى. بۇ چاغدا: «بۇ ئەسكى كەپىدە قېنىلىپ ياشىغۇچە نېمىشقا قىزىم بىلەن بىللە كەتمەيمەن؟» دېگەن ئويغا كەلگەن ئۆگەي ئانا:

— مەن بىر بىچارە مەزلۇم تۇرسام، قىزىمدىن ئايرىلىپ قانداق ياشايمەن؟ — دەپ يەنە يىغىنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىيلەن سەۋىنچكە قارىدى.

— ئۇ مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ھەرگىز ئالغاچ كەتمە، سېنى ئاز خورلىدىمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى بالىمان سەۋىنچنىڭ قۇلىقىغا.

سەۋىنچ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بوپتۇ، ئاپام بىلەن ئىنىمنى مېنىڭمۇ تاشلاپ كەتكۈم يوق. ئەكەتسەڭلار ھەممىمىزنى بىراق ئەكىتىڭلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سەۋىنچ، ئۆگەي ئاپىسى ۋە ئىنىسى ئۈچى شاھانە مەپە بىلەن ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

— بىلىپ ـ بىلمەي قىلىپ قويغان ئەسكىلىكلىرىمنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن، قىزىم، — دەيتتى ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭغا دېگىلى سۆز تاپالماي. بۇ ئۇنىڭ

چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان سۆزىمۇ ياكى مۇغەمبەرلىك قىلغىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

— ئەسلىدە ئۆگەي ئاپاڭدىن راسا بىر ئۆچۈڭنى ئالساڭ بولاتتى، — دېدى بالىمان سەۋىنچنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمۇ مېنىڭ ئاپامغۇ، ئۇ ئەسكىلىك قىلغان بولسا ئۆزىگە. مېنىڭ ئەسكىلىك قىلغۇم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى سەۋىنچ بالىمانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ

ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ ـ ئېچىشقىلا ئۆزلىرىنى ئاتۇشتىكى بىر ئەنجۈرلۈك ھويلىدا كۆرۈشتى. ھويلىدا سەككىز ـ توققۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بوۋىسىغا نېمىلەرنىدۇ دەپ يېلىنىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا ئايلىنىۋېلىشتى.

— بوۋا، ماقۇل دەڭچۇ، ئاداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتبولى بار، مېنىڭلا يوق، — دېدى نەۋرىسى.

— ياق، بولمايدۇ دېدىممۇ بولمايدۇ. بۇ قېتىم پۇتبول ئالىدىغان پۇلنى ئۆزۈڭ بىر ئامال قىل، — دېدى بوۋىسى سورلۇك قىياپەتتە. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر قاراشتىلا مىجەزى چۇس، دېگەن سۆزىدىن ئاسان قايتمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەيلى، بەرمىسىڭىز بوپتۇ، — دېدى نەۋرىسى دومسىيىپ، — دادامدىن سوراي.

بالا: «بوۋامنى مەندىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ دەپ يۈرەتتىم، ئەجەب پىخسىق بولۇپ كېتىپتا» دەپ ئويلىغىنىچە ئۆيگە ماڭدى. دەل شۇ چاغدا دادىسى ئۆيدىن چىقىپ قالدى.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ، بالام؟ تېز كىرىپ تامىقىڭنى يە، — دېدى دادىسى.

— دادا، پۇتبول ئالاتتىم، پۇل بەرگىنچۇ، — دېدى بالىسى ئەركىلەش ئاھاڭىدا.

— پۇتبول؟ — سورىدى دادىسى مېڭىشتىن توختاپ، — مەكتىپىڭلاردا پۇتبول بارغۇ؟

— ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە پۇتبولى باركەن، — دېدى بالىسى بويىنىنى قىسىپ، — مېنىڭلا يوق.

— بوپتۇ، ئالغىن بالام، باشقىلاردىن قالساڭ قانداق بولىدۇ، — دادىسى شۇنداق دېگەچ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى، — نەچچىلەرگە كېلىدىكەن؟

— مۇختەر دېگەن ساۋاقدىشىم قىرىق ئىككى كويغا ئاپتىكەن.

دادىسى ئەللىك يۈەنلىك بىر تال پۇلنى ئايرىغاندىن كېيىن بالىسىغا سۇندى:

— مە، ئۆزۈڭ ئېلىۋال، ئاشقىنىنى خەجلەرسەن.

بالىسى خۇش بولغىنىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلغىنىچە پۇلنى ئالدى-دە، «قانداق، سەن بەرمىگىنىڭ بىلەن، دادام بېرىدىكەنغۇ؟» دېگەندەك بوۋىسىغا قاراپ قويدى.

ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ بۇ ئىشىغا كۆز قىرىنى سېلىپ تۇرغان بوۋىسى دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ھاسىسىنى بالىسىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— بەرگەن پۇلۇڭنى دەرھال قايتۇرۇۋال! —

دېدى بوۋاي ۋۇق ئاھاڭدا. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كەسكىنلىك ھەم بىر خىل رەنجىش چىقىپ تۇراتتى.

ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىلىسىلا زادى قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قېلىشتى.

— داداڭنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى بوۋىسى ئاندىن نەۋرىسىگە ئاۋازىنى سەل سىلىقلىتىپ. بالا بوۋىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ تىكەندەك سانجىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىختىيارسىزلا پۇلنى دادىسىغا سۇندى. سۇنۇۋېتىپ نېمىشقىدۇر قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— دادا، بۇ... بۇ —... دەپ بوۋايغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى ئوغلى.

— بالا دېگەننى بۇنداق بۆۋەك تەربىيىلىمەيمىز، — دېدى بوۋاي ھاسىسىنى يەرگە تىرەپ تايانغىنىچە، — ئۇنى تاشتەك ئادەم بولسۇن دەپ ئىسمىنىمۇ تاش قويغان بىز. مۇشۇنداقلا ئاغزىدىن چىققىنىنى تەييار قىلىپ ئۆتنۈۋەرسەڭلار ئۇ كېيىنچە تاش ئەمەس خېمىر بولۇپ قالىدۇ.

— ھەي، دادا، ئۇ تېخى كىچىك بالا تۇرسا، ئۇنچىلىك پۇلنى نەدىن ئامال قىلىدۇ؟

— تىلەمچىلىك، ئوغرىلىق قىلامدىم ـ يا؟ — دېدى تاشمۇ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا غەيرەتلىنىپ.

— ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، پۇت ـ قولۇڭنى

چىقىۋېتىمەن، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىنى راستىنلا ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ھاسىسىنى تەڭلەپ. تاش دەرھال دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى تاشنىڭ دادىسى بوۋاينىڭ تەرسالىقىدىن سەل چۆچۈپ.

— ماۋۇ ھويلىدىكى بەش تۈپ ئەنجۈر پىشىپ ئېقىپ كېتىپ بارىدۇ، قارىغىلى ھېچكىمنىڭ چولىسى يوق. كېلىن بالا بېقىش بىلەن، سەن بولساڭ دۇكان ئېچىش بىلەن ئالدىراش. شۇنداق بولغاندىكىن، تاش بىكار چاغلىرىدا ئۇنى سېتىپ پۇل قىلمىسۇنمۇ؟!

بوۋاي شۇنداق دېدى - دە، ئۇلارغا گەپ قىلغىلىمۇ پۇرسەت قويماي، بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بوۋىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تاشنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. بۇ ئۆيدە بوۋىسىنىڭ گېپى گەپ، ئۇنى يىرىشقا ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس.

— بالام، بوۋاڭنىڭ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى دادىسى، — ئوغۇل بالا دېگەن بالدۇرراق كۈن ئېلىشنى بىلگىنى ياخشى. مەنمۇ سەنچىلىك چاغلىرىمدا ئۆرۈك، ئەنجۈرلەرنى سېتىپ ئوقەت قىلىشنىڭ ئېپىنى ئۆگەنگەن. بوۋاڭنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، ماقۇلمۇ؟

— ياق، ساتمايمەن، — دېدى تاش بىردىنلا تەرسالىقى تۇتۇپ، — دادامنىڭ شۇنچىلىك جىق پۇلى تۇرۇپ، مەن كوچىدا ئەنجۈر سېتىپ يۈرسەم، دوستلىرىم نېمە دەيدۇ. پۇتبولنىمۇ ئاممايلا قويدۇم!

www.uyghurkitap.com

تاش پېشىنى قاققىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ ئاچچىقىدا ئانىسى ئۇسۇپ ئەكەلگەن پولۇنىمۇ يېمەي باتناپ ئولتۇرۇۋالدى.

— نېمە بولدى، ئاپئاق بالام، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، — ئەجەب خاپا چىرايى كۆرۈنىسەنغۇ؟ بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشتىڭمۇ - يا؟

تاش ئاخىر ئىچىدىكى ئەلەمنى سىڭدۈرۈپ بولالماي «پاڭگىدە» ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلغان ئانا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى زىغىرلاپ سوراشقا باشلىدى.

تاش بولۇنغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئانىسىنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭچە، بوۋاڭنىڭ گېپىنى يىرما، ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. دەل شۇ چاغدا ئىچكەركى ئۆيدىن تاشنىڭ بۆشۈكتىكى ئىنىسىنىڭ قىرقىراپ يىغلىشى ئاڭلاندى. ئانىسى: «تامىقىڭ سوۋۇپ كەتمىسۇن، ئىتتىك يەۋال!» دەپ جېبكىدى - دە، بوۋاقنى ئېمىتكىلى كىرىپ كەتتى.

تاش تامىقنى يەپ بولۇپلا روھى چۈشكۈن هالدا يەنە مەكتىپىگە ماڭدى. تۇرگۇن بەشەيلەن ئەڭگۈشتەرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىدە ئەنجۈر شېخىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ هەربىر ئىش - هەرىكىتى ۋە ئوي - خىياللىرىنى بىلىپ تۇردى.

يولدا تاشنىڭ يېقىن ئاغىنىسى قۇربانجان ئۇچراپ

قالدى. تاش ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە ماڭغاچ دەر-
دىنى تۆككىلى تۇردى.

— بوۋام، دادىلارنىڭ شۇنچە جىق پۇلى تۇرۇپ،
پۇتبول ئالمەن دېسەم، باغدىكى ئەنجۇرلەرنى سېتىپ
ئۆزۈڭ ئال دەيدۇ، — دېدى تاش، — سېنىڭ ئۆيۈڭدى-
كىلەر نېمىدېگەن ئوبدان - هە!

— ئەنجۇر ساتقاننىڭ نەرى يامانكەن، — دېدى
قۇربانجان، — مانا مەنمۇ داۋاملىق بېغىمىزدىكى مېۋى-
لەرنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىپ تۇرىمەنغۇ.

— سىلەرنىڭ پۇلۇڭلار ئازدە، شۇڭلاشقا شۇنداق
قىلىسەن، — دېدى تاش ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك
قاراپ.

— كىمنىڭ پۇلى ئازكەن. دادامنىڭچۇ، ئۇرۇمچى-
دە نەچچە يەردە بىنالىرى بار، سېنىڭ داداڭنىڭ بار-
مۇ؟ — دېدى قۇربانجانمۇ بوش كەلمەي.

— مېنىڭ دادامنىڭ پىكاپى بار، سېنىڭ داداڭنىڭ
بارمۇ؟ — دېدى تاش غالىب قىياپەتتە بويىنىنى سوزۇپ.

— پىكاپ دېگەن قانچىلىك نېمىتى، ئۇرۇمچىدىكى
ئۆيىمىزدە نەچچە - نەچچە پىكاپىمىز بار بىزنىڭ.

— يالغان دەۋاتىسەن! — دېدى تاش بىردىنلا تېرد-
كىپ.

— ئۆزۈڭ يالغانچى! — دېدى قۇربانجانمۇ خۇددى
چوجە خورازدەك ئۇنىڭغا هۇرپىيىپ.

ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ تۇرغاندا بىرنەچچە سا-
ۋاقدىشى كېلىپ قالدى - دە، ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى.

شۇنداق بولمىغاندا، تاش بار ئاچچىقنى قۇربانجاندىن ئالغان بولاتتى.

چۈشتىن كېيىنلىك دەرس تاشنىڭ كاللىسىغا زىلدىلا كىرمىدى. «شۇنچىلىك پۇلىمىز تۇرۇپ، كوچىدا ئەنجۇر سېتىپ يۈرسەم نېمىدېگەن نومۇس!» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئويىچە ئۇ بايۋەچچىلەردەك ياشاپ، ھېلىقى قۇربانجاندەك پوچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتسە بولاتتى. بىراق، بوۋىسىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشىنى كىم بىلىپتۇ. قارىغاندا، ئادەم قېرىغانسېرى پەت كۆز بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھەي، بوۋىسىنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى بوۋا دەپ يۈرگەنلىرىچۇ تېخى، مۇنچىلىك تاش يۈرەكلىك قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەن.

ئىككى سائەتلىك دەرس تۈگىشى بىلەنلا ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە ماڭدى. كېتىۋېتىپ بوۋىسىنىڭ قىلغىنى يەنە ئېسىگە كېلىپ كۆڭلى غەش بولدى.

ئۇ ھويلىغا كىرىپلا سالاسۇن ئۈستىدە بىر سېۋەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىغا بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. قارىغاندا، بوۋىسى ئۆزىنى راستىنلا ئەنجۈر ساتقۇزىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

«قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك دەل شۇ چاغدا ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، تاشنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بالام، ئاۋۋال بوغچاڭنى قويۇپ بىردەم دېمىڭنى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىۋال، ئاندىن —... دېيىشكىلا، تاش:

— ئاندىن ئەنجۈر ساتقىلى چىقىمەن، شۇنداق-مۇ؟ — دەپ سورىدى ئەندىككەن ھالدا.

ئانىسى ئۈندىمىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن: «شۇنداق، بوۋاڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىساڭ قانداق بولىدۇ» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— ساتمايمەن دېدىممۇ ساتمايمەن! — دەپ كاجلىق قىلغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى تاش ھەم ئاچچىقىدا بوغچىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىدى.

— بالام، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى بوۋىسى نەۋرىسىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، — سېۋەتتىن بىرنى تەييارلاپ قويدۇم، سەل تۇرۇپ ئىككىمىز ئەنجۈر ئۈزگىلى چىقىمىز.

— ساتمايمەن دېدىممۇ ساتمايمەن! — يەنە كاجلىق قىلغىلى تۇردى تاش.

— داداڭ سەنچىلىك ۋاقتىدا ئېشەك ھارۋىدا ئوتۇن - سامان توشۇيتتى، سەن ئاشۇ داداڭچىلىكمۇ بولالامسەن؟ — دېدى بوۋىسى سۇرلۇك قىياپەتتە نەسىھەت قىلىپ، — سەندەك چوپچوڭ بىر يىگىتىمىز تۇرۇپ، بېغىمىزدىكى ئەنجۈرلەر پىشىپ ئېقىپ كەتسە سەت تۇرمامدۇ؟ بالا دېگەننى كىچىكىدىن چېنىقتۇرمىسا بوشاڭ بولۇپ قالىدۇ...

بوۋىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن بىزار بولسىمۇ، لې-كىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سۇر - ھەيۋىدىن قورقۇپ غىڭ - پىڭ قىلالمىدى. لېكىن، تاشنىڭ يەنىلا

ئەنجۈر ساتقۇسى يوق ئىدى.
— بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەرسە ئېلىپ بەردىمـ
سەم، ئەنجۈر ساتقىلى چىقارمىساڭلارچۇ، بوۋا، —
دېدى شۇڭا بوۋىسىغا ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.
— داداڭنىمۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئىش ـ ئوقەتكە
سالغاچقا ھازىر مىليون پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ، — دېدى بوۋىسى، — سەنمۇ چوقۇم مېنىڭ دېگى-
نىمىدەك قىلىسەن، بولمىسا سەندىن رەنجىپ قال-
مەن.
بوۋىسى شۇنداق دېدى ـ دە، تاشنى يالغۇز تاشلاپ
سىرتقا چىقىپ كەتتى. بوۋىسى چىقىپ كېتىپ ھايالدى-
مايلا ئانىسى كىرىپ كەلدى.
— بالام، ماقۇل دېگىن، بولمىسا بوۋاڭ بالىنى
بەك ئەركە ئۆگىتىۋەتتىڭلار دەپ بىزدىن رەنجىپ قال-
دۇ، — دېدى ئانىسىمۇ خۇددى بوۋىسى بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىۋالغاندەك.
— دادامنىڭ شۇنچىلىك جىق پۇلى تۇرۇقلۇق مەن
يەنە كوچىدا ئەنجۈر سېتىپ يۈرسەم خىجىل بولمامدى-
مەن، — دېدى تاش يەنىلا جاھىللىق بىلەن.
— ئوقەت قىلىشتىنمۇ ئىزا تارتقان بارمۇ،
بالام؟ — دېدى ئانىسى چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ، —
ئوغۇل بالا دېگەن كىچىكىدىنلا ئىش ـ ئوقەتنىڭ ئېپىنى
ئالغىنى ياخشى. سەن بازارغا كۆنگىچە بىرەر ـ ئىككى
كۈن مەن بىللە چىقىشىپ بېرەي.
تاش ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىق ۋە قەتئىيلىك

ئارىلىشىپ كەتكەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاخىر ماقۇل دېمىسە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدى بولغاي:

— ئەمىسە، ئەمىسە... ئىككىمىز بىللە چىقىمىز، ئەنجۈرنى سەن ساتىسەن بولامدۇ؟ — دېدى.

— ياق، مەن قېشىڭدا تۇرۇپ بېرىمەن، سەن ساتىسەن.

تاش بىر دەم جىممىدە بولۇپ كەتتى. ئاندىن يەنە:

— ئەمىسە، ئەمىسە ئادەملەر ئانچە كۆرمەيدىغان ئارقا كوچىدا ساتاي، — دېدى ئويلانمايلا.

ئانىسى ئۇنىڭ ساددىلارچە ئېيتقان بۇ گېپىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، ئادەم بارمىغان جايدا ئەنجۈرنى قانداق ساتىسەن؟ — دېدى.

— سودا دېگەنچۇ، بالام، ئادەملەر مىغ - مىغ قايناق بازارنىڭ يارىشىغى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئانىسى ئاخىرىدا.

قارىغاندا ئانىسىنىڭ گېپىگە كۆنمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ...

بوۋىسى تاشنىڭ ئاخىر ئەنجۈر سېتىشقا ماقۇل بول- غانلىقىنى بىلىپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. بوۋاي ئاۋۋال «ئاۋۇ سېۋەتنى ئەكەل!» دەپ ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، تاشقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سېۋەتنىڭ تېگىگە ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى چىرايلىق قويغاندىن كېيىن، راسا مەي بولۇپ پىشقان ئەنجۈرلەرنى ئۈزۈپ ئاۋايلاپ تىزىشقا باشلىدى. سېۋەتنى تاش كۆتۈرەلىگۈدەك

راسلىغاندىن كېيىن، تاشقا كۆتۈرگۈزۈپ ئۈنىڭ بىلەن سىرتقا ماڭدى. ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا تاشنىڭ ئانىسى يېتىشىپ چىقتى ـ دە:

— بازارغا مەن بىللە بېرىشىپ بېرەي، — دېدى.

— بولدى، مەن بىللە باراي، سىز ئۆيدە بالىغا قاراڭ، — دېدى بوۋاي.

— بۇ… بۇ قانداق بولار، سىلىنى ئاۋارە قىلساق سەت تۇرارمىكىن، — دېدى تاشنىڭ ئانىسى باشقا گەپ تاپالماي.

— ھېچقىسى يوق، مەن ئۆزۈممۇ بازارغا ئامراق، — دېدى بوۋاي. ئاندىن تاشنى ئېلىپ بازارغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ئادەملەر كۆپ ئۆتىدىغان يول تۆپىسىدە سېۋەتنى قويدى. بوۋىسىنىڭ زورى بىلەن تاش ئامالسىز سېۋەتنىڭ قېشىدا تۇردى. بىراق، ئۇ خېرىدار چاقىرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خىجالەت بولغىنىدىن كىشىلەرگە پېتىنىپمۇ قارىيالمايتتى.

بوۋاي بىر چەتتە تۇرۇپ ئۆزىنىڭمۇ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۆرۈك ساتقىلى چىققان مەزگىلىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى ـ دە، ئىچىدە كۈلدى.

«ھەي، نېمىلا دېگەنبىلەن تۇنجى قېتىم سودا قىلغاندا ھەممىلا ئادەم شۇنداق تارتىنىدۇ. ئەمما، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ كەتمىگىنىنى كۆرەي» دەپ ئويلىدى بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى تادرېسى

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىزچىل كۆزىتىپ تۇرغان تۇرگۇن بەشەيلەن بازاردا پەيدا بولدىدە، تاشنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— پاھ، پاھ، ئەجەب چىرايلىق پىشقان ئەنجۇرلەركەنە بۇ، — دەپ ماختاپ كەتتى تۇرگۇن سېۋەتنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ. شۇئان قالغان تۆتەيلەنمۇ سېۋەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ھەممىمىز بىردىن يەپ باقايلى، — دېدى تۇرگۇن، — قېنى ئېلىڭلار، مەن مېھمان قىلغان بولاي.

ئۇلار ھەممىسى بىر تالدىن ئەنجۇر تاللاشتى. بىراق، تاش خۇددى بۇ ئەنجۇرلەر ئۆزىنىڭ ئەمەستەك سېۋەتتىن سەل داجىپ ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇراتتى.

— ئەنجۇر كىمنىڭ؟ — دەپ توۋلىدى تۇرگۇن شۇڭا.

تاش ئىتتىك بوۋىسىغا قارىدى. بوۋىسى شۇئان ئۇنىڭغا «تېز قېشىغا بار!» دەپ شەرەت قىلدى.

— مېنىڭ، — دېدى تاش ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بوش ئاۋازدا.

— قانداق ساتىسىلەر؟ — سورىدى تۇرگۇن.

— بىر يۈەنگە ئىككى، — دېدى تاش.

— بەش تال ئالاي، ئىككى كويغا بېرەرسەن، — دېدى تۇيغۇن باھا تالىشىپ.

تاش نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئىتتىك بوۋىسىغا قارىدى. بوۋىسى «بوپتۇ دېگىن!» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

بەش تال ئەنجۈر سېتىلىشى بىلەنلا تاشنىڭ ئەنجۈرىنىڭ بازىرى چىقىشقا باشلىدى. كوچىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇ بىر تال، بۇ ئىككى تالدىن ئېلىپ، بىردەمدىلا سېۋەت يېرىمداپ قالدى. ئوقىتى قاملاشقانسېرى تاشقىمۇ جان كىرىپ، بايىقى ئىزا تارتىشلىرى تاراشقا باشلىدى. ئالاھەزەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن، ئەنجۈر پاك - پاكىز سېتىلىپ بولۇندى.

— ئەمدى پۇلۇڭنى ساناپ باقىن، — دېدى بوۋاي تاشقا. تاش قولىدىكى پۇللارنى ساناپ كۆرۈۋىدى، يىگىرمە بىر يۈەن بەش مو بوپتۇ.

— مانا پۇتبول ئالىدىغان پۇلۇڭنىڭ يېرىمى تەييار بوپتۇغۇ، — دېدى بوۋىسى ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ، — قىلالمايمەن دەپ قورقىۋېدىڭ، مانا بىردەمدىلا ئېپىنى ئېلىۋالدىڭغۇ. قارىغاندا چوڭ بولغاندا، داداڭ تاپقان پۇلنى سەنمۇ تاپالايدىكەنسەن.

شۇ كۈنى كەچتە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، تاشنىڭ كاللىسىغا كۈندۈزى ئەنجۈر ساتقاندىكى ئىشلار كىرىۋالدى. «مۇشۇنداقلا ساتسا ئەتىلا پۇتبول ئالغۇدەك پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. بۇمۇ بولىدىغان ئىشمۇ قانداق؟»

ئەتىسى چۈشكە يېقىن بوۋىسى ئىككىسى يەنە بىر سېۋەت ئەنجۈر تەييارلاپ بازارغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئۈنچىۋالا زورلاش كەتمىدى. تاش سېۋەتنىڭ قېشىدا تۇردى. يەنە تېخى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئارىلاپ-ئارىلاپ: «ئەنجۈر! ئەنجۈر! شاخ مانتىسى!»

دەپ توۋلاپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ ئاۋازىدىن يەنىلا بىر خىل جۇرئەتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.
ئاخىر ئۇ بىر سېۋەت ئەنجۇرنى سېتىپ بولدى. بۇ قېتىم ئاچققان ئەنجۇرى جىقراق بولغاچقا، يىگىرمە بەش يۈەن بەش مو بولغانىدى.
— مانا، پۇتبول ئالىدىغان پۇل پۈتتى دېگەن گەپ، يارايسەن تاش! — دېدى بوۋىسى ئۇنى ماختاپ، — يۈر ماگىزىنغا، پۇتبول ئالىمىز.
تاش بوۋىسىنى پۇتبول ساتىدىغان ماگىزىنغا باشلاپ باردى. بوۋىسى ئۇنىڭ ئۆزى تاپقان پۇلىغا ئۇ كۆرۈپ قويغان پۇتبولنى ئېلىشىپ بەردى.
تاش پۇتبولنى قولتۇقلىغىنىچە كوچىدا كېتىۋېتىپ، خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ تېزرەك مەھەللىسىگە بېرىشنى، ئاداشلىرىغا ئۆزىنىڭمۇ پۇتبولى بارلىقىنى كۆرسىتىشنى، ئۇلار بىلەن قانغۇچە پۇتبول ئويناشنىلا ئويلايتتى.
بۇ كۈنى تاش پۇتبولنىڭ ئوت - پىراقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، مەھەللىدىكى بالىلارغا پۇتبولىنى كۆز - كۆز قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۆيدىكىلىرىمۇ ئۇنى ئويىنىۋالسۇن دەپ مەيلىگە قويۇپ بەردى. كەچتە ئانىسى «تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە!» دېمىگەن بولسا، ئۇنىمۇ ئۇنتۇغان بولاتتى.
ئەتىسى ئۇ مەكتەپتە تەنەپپۇس ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئەنجۈر سېتىپ پۇتبول ئالغانلىقىنى ساۋاقداشلىرىغا سۆزلەپ بەرگەنىدى، كۆپىنچىسى: «بۇ قىلغىنىڭ توغرا بوپتۇ، بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنگىنىمىز ياخشى» دەپ ئۇنى ماختاشتى.

www.uyghurkitap.com

ئارىدا بىرەيلەن: «مەن بولغان بولسام، تاپقان پۇلۇمغا ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامغا نەرسە ئېلىپ بېرىپ، ئاشقىنىغا ئۆزۈمگە ئالاتتىم» دەپ ئۇنى ئەيىبلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاش خۇددى ئۇيات ئىش قىلىپ قويغاندەك ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۆزىگە ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ، بېشى بىردىنلا ساڭگىلاپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن ئۆيگە بېرىپلا ئۇ بوغچىسىنى ئانىسىغا بەردى ـ دە، سېۋەتنى ئېلىپ ئەنجۈر ئۈزۈشكە باشلىدى. نەۋرىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالغان بوۋىسى:

— بالام، ئاۋۋال ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ئازراق دېمىڭنى ئېلىۋال، ئەنجۈرنى مەن تەييارلاپ قوياي، — دېدى بىردىنلا ئۇنىڭغا مېھرى ئېششىپ. بىراق، ئۇ «ئۇسسىمىدىم» دەپ ئەنجۈر ئۈزۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئەنجۈر ئۈزۈشۈپ بەردى.

— قانداق، مەنمۇ بىللە بارامدىمەن؟ — دەپ سورىدى بوۋىسى تاش بازارغا ماڭىدىغان چاغدا.

— ياق، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزۈم بارىۋېرىمەن، — دېدى تاش، — ئەمدى تاپقان پۇلۇمغا سىزگە، دادام، ئاپامغا كىيىم ئېلىپ بېرىمەن. يەنە ئۇكامغىمۇ.

— ئىنساپىڭغا بارىكاللا، بالام، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگىنىدىن، — مانا ئەمدى ھەقىقىي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ.

# نورۇز خۇشاللىقى

تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇجمە كوچەتلىرى بىلەن تولغان بىر يولغا چىقىپ قالدى. يولدا چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن كىشىلەر نېمىگىدۇر ئالدىرىشىپ تېز - تېز مېڭىشماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن بۇگۇن بۇ جايدا بىرەر بايرام ياكى مەرىكە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان زۇمرەت چاچلىرى قىرىق ئۆرۈم ئۆرۈلگەن، چىمەندوپپا، ئەتلەس كوڭلەك كىيىۋالغان چىرايلىق بىر قىزچاقتىن:

— بۇگۇن بايراممۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نورۇز بايرىمى، — دېدى قىزچاق، ئاندىن ئۇ-لارنىڭ ئۇزايىغا بىرقۇر قارىۋېتىپ، — سىلەر ئۇپاللىق ئەمەسكەنسىلەر - ھە؟ — دەپ سورىدى. بۇ چاغدا قىزچاقنىڭ ئانىسى «ئانارگۇل!» دەپ چاقىردى. شۇ-نىڭ بىلەن قىزچاق ئۇلارنى تاشلاپلا يۇگۇرۇپ كېتىپ قالدى.

تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، جىگدە، تال - سوگەتلەر بىلەن قاپلانغان تولد-مۇ ھاۋالىق بىر تاغ باغرىغا ياماشتى.

— بۇ تاغنى تاشبېلىق تېغى دەيمىز، — دەپ

تونۇشتۇردى تۇيغۇن ئەڭگۈشتىرىنىڭ ياردىمىدە، —
بۇگۇن جىمى ئۇپاللىقلار بۇ جايغا يىغىلىدۇ. مەھمۇد
بوۋامىز ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ چىقىپ نورۇز بايرى-
مىنى بىللە ئۆتكۈزىدۇ.
— قايسى مەھمۇد بوۋاڭ ئۇ؟ — سورىدى تۇر-
گۇن.
— «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يازغان مەھمۇد
قەشقەرى بوۋىمىز بولامدۇ.
— ۋاھ، ئەجەب ياخشى بولدى! مەھمۇد قەشقەرى
بوۋىمىزنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىدىغان بوپتۇق!
— ماڭا بۇ ئىشلار چۈشتەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.
ئۇلار تاغ باغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا ياماشتى. ھەم-
مىلا جاي ئاۋاتچىلىق، ئادەتتە تولىمۇ خىلۋەت ئارامگاھ
ھېسابلىنىدىغان نورۇزبۇلاق، زەربۇلاق، مارجانبۇلاق،
چەشمە زۇلالىلارنىڭ بويلىرى مىغ - مىغ ئادەملەر بى-
لەن تولۇپ كەتكەنىدى...
ئۇلار مەھمۇد قەشقەرى بوۋىسىنى كۆرۈشكە ئالدى-
راپ ئاۋۋال نورۇزبۇلاق بويىغا بېرىشتى. چىرايىدىن
نۇر يېغىپ تۇرغان سالاپەتلىك بىر كىشى نورۇزبۇلاق
بويىدا تۇرۇپ نورۇزنامە ئوقۇۋاتاتتى، قالغانلىرى بولسا
پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭ نورۇزنامىسىنى تىڭشىماق-
تا ئىدى.
— دەل ئۆزى شۇكەن! — دېدى تۇرگۇن مەھمۇد
قەشقەرى بوۋىسىنى بىر قاراپلا تونۇپ.
بۇ بۈيۈك زاتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش

پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق ھاياجانلىنىپ، يۈرەكلىرى ئويناقشىپ، قانلىرى نورۇز بۇلاقىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇدەك ئۇقچۇماقتا ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى نورۇزنامىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەلگە قۇت ۋە ئەمىنلىك، ئىلىم ئەھلىلىرىگە نۇسرەت تىلەپ، ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ نورۇزبۇلاققا تاشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نورۇزنامىلىرىنى ئوقۇشۇپ، ئۈچ بۇرجەك قاتلىشىپ بۇلاققا تاشلاشتى. بۇلاق كۆزلىرىدىن قايناپ چىقىۋاتقان سۇپسۇزۇك سۇنىڭ پەيلىشىدە نورۇزنامىلەر بۇلاق ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن ئېرىققا چۈشۈپ لەپەڭشىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئىلىم ئىشقىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ياشلار يالپۇزلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نورۇزنامىلەرنى تالىشىپ تۇرۇپ تېرىۋېلىشىپ، دوپپىلىرىنىڭ قاتلىرىغا قىستۇرۇشماقتا ئىدى.

بۇ ئويۇن تۇرگۇن بەشەيلەنگە بەكلا قىزىق تۇيۇلدى. ئايچەشمۇ چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر تال نورۇزنامىنى تېرىۋېلىپ، دوپپىسىغا قىستۇرۇپ قويدى. بۇ دەل مەھمۇد قەشقەرى بوۋىسىنىڭ يازغان نورۇزنامىسى ئىدى.

«بىكار بولغاندا ئۇنى تۇمارچە قىلىپ تىكىپ بويىنۇمغا ئېسىۋالىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇلار شۇ تاپتا مەھمۇد بوۋىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ،

ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئەھۋاللاشقۇسى، ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلىك ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. بىراق، ئۇنى كىشىلەر قات - قات ئورىۋالغان تۇرسا، ئۇلار قانداق يېقىن بارالىسۇن.

نورۇزبۇلاق بويىدىكى نورۇزنامە ئوقۇش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار چەشمە زۇلال بويىغا بېرىشتى. بۇ بۇلاق بويىغا چوڭلاردىن كۆرە ياشلار ۋە بالىلار كۆپرەك ئولىشىۋالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكەن بىرنەچچە ياش:

— ئەنە، ھەزرىتى موللام كېلىۋاتىدۇ!

— خالايىق، يول بېرىڭلار، يول بېرىڭلار! — دېيىشىپ كېتىشتى ھەمدە يول بېرىپ، ئىككى تەرەپتە سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى. مەھمۇد قەشقەرى يېتىپ كېلىشى بىلەن ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆكسىلىرىگە قويۇشۇپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم! نورۇزلىرىڭىز قۇت بولغاي!» دەپ سالام قىلىشتى. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىنى قىزغىن ئىلىك ئېلىپ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! سىلەرگىمۇ قۇت بولغاي!» دېدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى چىرايلىق گۈل ۋە خاسىيەتلىك خەتلەر چۈشۈرۈلگەن بىر دەستە ناننى كۆتۈرۈپ كەلدى. مەھمۇد قەشقەرى بۇلاق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، نانلارنى ئۇنىڭ قولىدىن بىر - بىرلەپ ئېلىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىغىنىچە بۇلاققا چۆرىدى. نانلار بۇلاقتا ئىككى - ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن، ئېقىن بويىلاپ پەسكە ئېقىشقا

باشلىدى. ھەربىر ناننىڭ كەينىدىن بىر توپ بالا قوغلاپ
يۈگۈرمەكتە ئىدى.

بۇ بۇلاق نېنى يېيىش ئويۇنى بولۇپ، بۇ جايدا
ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز مەرىكىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلى-
رىدىن بىرى سانىلىدىكەن. ناننى تالىشىپ تۇرۇپ يې-
گۈچىلەرنىڭ ئەقىل كۆزى يورۇپ، ئىلىم سەپىرىدە
تىلىگىنىگە يېتىدىكەن.

شۇڭا، ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن تۇرگۈن بەشەيلەن-
مۇ بىر ناننى قوغلاپ ماڭدى. نان خېلى بىر يەرگىچە
ئېقىپ بارغاندىن كېيىن تۈيغۇن ناننى تۇتۇۋالدى. شۇ-
ئان بەشەيلەن ناننى تالىشىپ كەتتى ھەم ئۇ بىر بۇردا،
بۇ بىر بۇردىدىن ئوشتۇپ بەس - بەستە يېيىشكىلى
تۇردى.

بىراق، ئايچەچەك بىلەن زۇمرەت تالاشماي بىر
چەتتە قاراپ تۇراتتى.

— سىلەر نېمانداق شەخسىيەتچى! — دەۋەتتى
شۇڭا زۇمرەت ئاچچىقلاپ. شۇندىلا ئۇلار ئايچەچەك بى-
لەن زۇمرەتنىڭ تېخى بىر چىشلەممۇ ئېغىز تەگمىگەن-
لىكىنى بىلىشتى.

— كېلىڭلار، سىلەرمۇ يەڭلار، بۇ دېگەن تالى-
شىپ تۇرۇپ يەيدىغان نان، — دېدى تۇرگۇن. زۇمرەت
بىردەم دومسىيىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىتتىك بار-
مىسا ناندىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بېرى
كەلدى. ئۇلارنىڭ زورى بىلەن ئايچەچەكمۇ كېلىپ بىر
بۇردا ئوشتۇپ يېدى.

www.uyghurkitap.com

پاھ، نېمىدېگەن تەملىك نان ـ ھە! بۇلاق سۇيـ
ىنىڭ تاتلىقلىقچۇ تېخى!

بۇلاق نېنى يېيىش ئويۇنىدىن كېيىن سۇ چېچىش
ئويۇنى، دارۋازلىق، سارغايدى، ئوغلاق تارتىشىش،
قوچقار سوقۇشتۇرۇش... دېگەندەك يەنە نۇرغۇن ئويۇن-
لار ئۆتكۈزۈلدى. تۇرگۇن بەشەيلەنگە بۇلاق بويلىرىدى-
كى ئويۇنلار بەك قىزىق تۇيۇلغىنى بىلەن، بۇ ئويۇنلار
ئانچە قىزىقارلىق تۇيۇلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەھ-
مۇد بوۋىسى بىلەن راسا قانغۇچە بىر پاراڭلىشىۋالغۇسى
بار ئىدى.

نورۇز داغدۇغىسى سەل سېلىككەندىن كېيىن،
ئۇلار ئاخىر بۇ ئارزۇسىغىمۇ يېتىشتى. مەھمۇد قەشقە-
رى ئۇلارنىڭ سېھىر ـ كارامەتلىرىنى بىلگەندىن كې-
يىن، «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دېكى ئايرىم خانىسىدا
ئۇلارنى كۈتتۈۋالدى. دەسلەپتە ئايچەچەكنىڭ بۇنىڭدىن
نەچچە مىڭ يىللار ئالدىدىكى چاغدىن، تۇرگۇن تۆتەيلەن-
نىڭ بولسا مىڭ يىللاردىن كېيىنكى چاغدىن كەلگەنلى-
كىگە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئاخىر بۇنىڭغا ئىشەندى
ھەمدە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— مانا بۇ سىز يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»
نىڭ بىزنىڭ زامانىمىزدا ئىشلەنگەن نۇسخىسى، —
دېدى تۇيغۇن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق
نۇسخىسىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ مىڭ يىللاردىن

كېيىن نەشر قىلىنغان بۇ نۇسخىسىغا ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن:

— دېگەنبىلەن ئەۋلادلىرىم مېنىڭ ئەجرىمنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، — دېدى كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ. ئاندىن، — «بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن (ئازماس)» دېگەندەك، مەن بۇ كىتابىمنى ئەۋلادلىرىمغا نىشان بولسۇن دەپ قالدۇرغانمەن، مانا ئاخىر مەقسىتىم مەقبۇل بوپتۇ، مىڭ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ماھىر ئىزچىلاردەك ئازماي تېپىپ كەپسىلەر، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

— مەھمۇد بوۋا، مەن سىزنىڭ كىتابىڭىزدىكى بىر قوشاقنى يادلىۋالغان، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ — دېدى زۇمرەت.

— قېنى ئوقۇپ بېقىڭ، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى زۇمرەتكە زوقى كېلىپ.

ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل
ئەردەم تىلە.
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ
بىلگىڭ ئۇلە[1].

— باركاللا، بەك ئوبدان ئوقۇدىڭىز، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى زۇمرەتتىن مەمنۇن بولۇپ.

---

① ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمنى قۇلاقتا تۇت، پەزىلەت تىلە. ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات.

— مەنمۇ سىزنىڭ دېۋانىڭىزدىكى قىش بىلەن ياز-
نىڭ ئۇرۇشۇشى توغرۇلۇق قوشاقلارنى ئوقۇغان، —
دېدى تۇرگۇننىڭمۇ ماختانغۇسى كېلىپ.

— مەندەك يادلاپ بېرەلەمسەن؟ — دېدى
زۇمرەت.

— قىش - ياز بىلەن توقۇشتى —... دەپ ئاخىرى-
نى دېيەلمەي بېشىنى قاشلىدى تۇرگۇن. شۇئان تۇي-
غۇننىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دىكى شۇ قوشاق ئايان بولدى - دە، شارقىراپ
ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسېرى ئاۋازى تېخىمۇ جاراڭ-
لىق چىقىشقا باشلىدى:

قىش - ياز بىلەن توقۇشتى،
قىڭىر كۆزىن باقىشتى.
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىمات ئوغراشۇر.

(قىش بىلەن ياز سوقۇشتى، قىڭغىر كۆزدە بې-
قىشتى. بەسلەشكىلى كېلىشتى، يەڭمەك بولۇپ ئالدى-
رار.)

......

تۇرگۇننىڭ بۇ قوشاقنى باشتىن - ئاياغ تولۇق
يادلاپ چىققانلىقىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن مەھمۇد
قەشقەرى:

— ئاپىرىن، ئاپىرىن! ئەقلىڭ ساز، دۈشمەنلى-
رىڭ ئاز بولسۇن! — دەپ ماختاپ كەتتى.

ئۇلار مەھمۇد بوۋىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۇ-
زاق پاراڭلاشتى. مەھمۇد قەشقەرى ئۇلارنىڭ بالىلارچە
سورىغان سوئاللىرىغا ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەرگەندىن
كېيىن، ئۇلارغا بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇش
ھەققىدە نۇرغۇن ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاندىن
ئۇلارنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئايلاندۇرۇپ كەلمەك-
چى بولۇپ سىرتقا باشلاپ ئاچىقتى. ئۇلارغا مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىسىمۇ ئەگەشتى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇلارنى ئايلاندۇرغاچ نورۇز
بۇلاق، مارجان بۇلاقلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ئەپسانە -
رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا ئۇلارنى بىر غار
تۇۋىگە باشلاپ باردى.

— بۇ غارنى ئەجدەر غارى دەپ ئاتايمىز، — دەپ
تونۇشتۇردى مەھمۇد قەشقەرى، — بۇرۇنقى زاماندا بۇ
غاردا بىر ئەجدىھا بار بولۇپ، ھەر يىلى دېھقانلارنىڭ
بىردىن بالىسىنى يەيتتىكەن. بالىسىنى بەرگىلى ئۇنى-
مىسا بالايىئاپەت ياغدۇرۇپ ئۆچ ئالاتتىكەن. كېيىن
بىر پالۋان يىگىت چىقىپ ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۇرۇپ،
خەلقنى نىجاتلىققا ئېرىشتۇرۇپتۇ. ئەجدىھانىڭ زەھىرى
ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن پالۋان يىگىتمۇ قازا قىپتۇ. ھازىر
بۇ غاردا ئاجايىپ ئېسىل بىر ئەڭگۈشتەر ساقلاقلىق.
كۆرگۈڭلار بولسا، سىلەرگە ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى بىر
كۆرسىتىپ چىقاي.

ئۇلار بۇ ئېسىل ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈشكە تەقەززا
بولۇشۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئارقىسىدىن غار

www.uyghurkitap.com

ئىچىگە كىردى. غار ئىچى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، دەسلەپ-
تە ئۇلار غار تېمىنى سىيپاشتۇرۇپ ئاران ماڭدى.
خېلى ئىچكىرىلەپ بىر ئەگىمدىن قايرىلغاندىن كېيىن
كۆز ئالدى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى.

— بوۋا، ئاۋۇ نېمە؟!

— يېقىن بارغاندا دەپ بېرەي.

ئالدى تەرەپتە يېشىل نۇر چاقنىتىپ تۇرغان يوغان
بىر گۆھەر تۇراتتى.

«مەھمۇد بوۋامنىڭ بىزگە كۆرسەتمەكچى بولغان
ئەڭگۈشتىرى مۇشۇ ئىكەن - دە!» دەپ ئويلىدى تۇر-
گۇن.

ئۇلار يېقىن بېرىپ ئادەم بويىدەك كېلىدىغان بۇ
يۇپيۇمىلاق گۆھەر تاشقا ھەيران بولۇپ قاراشتى. تاشقا
قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك رەڭلىك تۇرلۇك بەل-
گىلەر، خەتلەر ئويۇلغان، بىر قاراشتىلا خەرىتە ئىكەن-
لىكى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىز سىزغان خەرىتە ئىكەنغۇ بۇ! — دەۋەتتى
تۇيغۇن دادىسىنىڭ بۇ خەرىتىنى يوغانلىتىپ يېزىقچە-
لىق ئۆيىگە چاپلىۋالغانلىقىنى كۆرگەچكە دەرھال
تونۇپ.

— دەل ئۆزى شۇ، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى، —
لېكىن، سېنىڭ كۆرگىنىڭ قەغەزدىكىسى، بۇ بولسا
ئالاھىدە خاسىيەتكە ئىگە خەرىتە. ئۇنىڭدىكى خالىغان
بىر جايغا بارمىقىڭنى تەگكۈزسەڭلا، شۇ ھامان ئۆزۈڭ-
نى شۇ جايدا كۆرىسەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولسا ... — دەپ گىپىد-نىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي تۇرۇپ قالدى ئايچەچەك.

مەھمۇد قەشقەرى ئايچەچەكنىڭ بىرەر تەلىپىنىڭ بارلىقىنى پەملىدى ـ دە:

— تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، قىزىم، — دېدى.

— ئاپامنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— راستما؟ ئاپىڭىزنى بەك سېغىنىپسىز ـ ھە. بوپتۇ، ھازىرلا كۆرۈشتۈرەي.

مەھمۇد قەشقەرى ئايچەچەكنىڭ ئاپىسىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— بارمىقىڭىزنى مۇنۇ جايغا تەگكۈزسىڭىز، ھا-زىرلا ئانىڭىز تۇرۇۋاتقان جايغا بارالايسىز، — دېدى.

— قايتىپ كەلمەكچى بولسام قانداق قىلىمەن؟

— مۇشۇ غارنى خىيال قىلسىڭىز شۇ ھامان قاي-تىپ كېلەلەيسىز.

ئايچەچەك كۆكسىنى تولدۇرۇپ تىنىپ ئۆزىنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن، بىگىز بارمىقى بىلەن مەھ-مۇد بوۋىسى كۆرسەتكەن جاينى باستى. باستى ـ دە، «يالتىىدە» نۇر چاقناش بىلەن تەڭ ئۆزىنى كىروران قەلئەسىدىكى ئوردا ئىچىدە كۆردى. كۇنچەچەك قاتۇن چاھارباغقا چىقىپ سەيلە قىلغىلى مەپىلىك ھارۋىغا چىد-قاي دەپ تۇرغانىكەن. ئۇ، قىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقى-نى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن:

— يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدىڭغۇ، قى-زىم، نەلەرگە باردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— بالتو دېگەن بېلىقچى بوۋاينىڭكىگە بېرىپ بې-لىق كاۋىپى يەپ كەلدۇق، — دېدى ئايچەچەك قالغان كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى يوشۇرۇپ.

— دوستلىرىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — كۇنچەچەك قا-تۇن ئايچەچەكنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ داۋاملىق سورىدى.

— قوۋۇق سىرتىدا قالدى.

— يۇر، مەن بىلەن بىللە چاارباغقا بارغىن، دوستلىرىڭنى چاقىرىپ كىرىدىغانغا ئادەم ئەۋەتەي.

— بولدى، سىز بېرىۋېرىڭ. دوستلىرىمنى ئۆزۈم باشلاپ كېلەي.

ئايچەچەك ئاپىسىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ، ئۇ-نى چىڭ قۇچاقلىغاندىن كېيىن ئويۇنغا ئالدىراپ ئوردا سىرتىغا قاراپ يۈگۈردى. ئاپىسىنىڭ «قىزىم، توخ-تاڭ!» دېگىنىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— ئاپىڭىزنى كۆرەلىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مەھ-مۇد قەشقەرى ئايچەچەك غارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن.

— ھەئە، — دېدى ئايچەچەك بەك ئىتتىك يۈگۈ-رۈۋەتكەنلىكتىن ھاسىراپ تۇرۇپ، — بۇ خەرىتە بەك قالتىسكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زۇمرەت، ئايچەشلەرنىڭمۇ ئاپى-لىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى.

— بارساق ھەممىمىز تەڭ بارايلى، — دېدى تۇر-گۈن «مۇشۇ باھانىدا ئاپىلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ

قويۇپ كەلسەك بولغۇدەك! » دېگەننى كاللىسىدىن ئۆت-
كۈزۈپ.

تۇرگۇن ئايچەچەككە:

— سىز مەھمۇد بوۋام بىلەن بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، بىز هازىرلا قايتىپ كېلىمىز، — دېدى - دە، مەھمۇد قەشقەرى كۆرسىتىپ بەرگەن جايغا بارمىقىنى تەگكۈزدى. شۇ هامان «يالتىتىدە» نۇر چاقناپ تۇرگۇن بەشەيلەن ئۆزلىرىنى ئۆز مەھەللىسىدە كۆرۈشتى.

تۇرگۇننىڭ ئاپىسى بىلەن تۇيغۇننىڭ ئاپىسى قوشنا مەھەللىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا ماڭاي دەپ تۇرۇشقانىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ توپۇرلىشىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كېلىشكىنىنى كۆرۈپ:

— ئويۇن دېسە قورسىقىڭلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنسىلەردە - ھە؟ تاماق قازاندا، ئۆزۈڭلار ئۇسۇپ يەڭلار، بىز پاتەم چوڭ ئاپاڭلارنىڭكىگە بېرىپ كېلەيلى، — دېدى تۇرگۇننىڭ ئاپىسى.

تۇرگۇن تۆتەيلەن «ماقۇل» دېيىشىپ قازاندىكى ئاشنى ئۇسۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى ئېشەك هارۋىسى بىلەن قوشنا مەھەللىگە قاراپ يولغا چىقىشتى.

تۇرگۇن تۆتەيلەن تاماقنى هاپىلا - شاپىلا يېيىشتى - دە، مەھمۇد بوۋىسى بىلەن ئايچەچەكنى بەك ساقلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دەرهال ئەجدەر غارغا قايتىپ بېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ خاسىيەتلىك خەرىتىگە بەكلا

قىزىقىپ قالدى ھەم باشقا جايلارغىمۇ بىرنەپ باققۇسى كەلدى.

— نەگە بارغۇڭلار كەلسە خالىغىنىڭلارچە بېسىۋې-رىڭلار، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى.

تۇيغۇن ئالدىراقسانلىق قىلىپ يېشىل رەڭلىك بىر جايغا بارمىقىنى تەگكۈزگەنىدى، شۇئان ئۆزىنى پاياي-سىز بىر دېڭىزدا كۆردى...

ئارقا - ئارقىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ، ئۇنى دېڭىز تېگىگە سۆرەش-كە باشلىدى. تۇيغۇن قورقۇپ كەتكىنىدىن غارغا قاي-تىپ كېتىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، «قۇت... قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى. بىراق، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولمايلا ئۆيدەك يوغان بىر دولقۇن ئۇنى سۇغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇ تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى غۇرتۇلدىتىپ بىرمۇنچە ئىچىۋالدى. شۇندىلا ئۇنىڭ ئېسىگە بايا ئۆزى تۇرغان ئەجدەر غارى كەل-دى - دە، ئاران دېگەندە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۇستۇېشىدىن شورقىراپ سۇ ئېقىۋاتقانلى-قىنى كۆرۈشۈپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھوي، نەلەردە چۆمۈلۈپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى تۇرگۇن ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ خىر-خىر كۈلگىنىچە.

— قەيەرلىكىنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، بىر دېڭىز، — دېدى تۇيغۇن غال - غال تىترىگىنىچە، — ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالدىم - دە.

— ئۇقۇشماي ياپون دېڭىزىنى تۇتۇۋاپسەن ئەمەسـ
مۇ؟ ئالدىراقسانلىق قىلساڭ مۇشـۇنـداق بۇرنۇڭـغا
يەيسەن، — دېدى تۇرگۇن يەنە كۈلگىنىچە.

بۇ قېتىم خەرىتىنى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى بارماقـ
لىدى. شۇئان «يالتىتىدە» نۇر چاقناپ، ئۇلار ئۆزلىرىـ
نى مۇزارت دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا كۆرۈشتى. ئەتـ
راپ رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ياپيېـ
شىل قارىغايلار بىر ـ بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تىك
قىيالاردا ھەيۋەت بىلەن قەد كېرىپ تۇرۇشاتتى. قارىـ
غايلارنىڭ ئۇچلىرىدىن خېلىلا ھالقىپ، خۇددى ئاسمانـ
دا لەيلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان مەغرۇر بىر قارلىق
چوققا ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى.

— خانتەڭرى چوققىسى دېگەن دەل ئۆزى شۇ! —
دېدى مەھمۇد قەشقەرى بۇ چوققىغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر
تاشلاپ.

ئۇلار خانتەڭرى ئېتىكىدە بىردەم سەيلە قىلغاندىن
كېيىن، باشقا جايغا بېرىپ باقماقچى بولۇشۇپ يەنە
ئەجدەر غارغا قايتىپ كېلىشتى.

— ئەمدى سىلەرنى ئاتام تۇغۇلغان بارسغان شەھىـ
رىگە ئاپىرىپ كېلەي، — دېدى مەھمۇد قەشقەرى، —
ئەمما، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار.

— قېنى ئېيتىڭچۇ، بوۋا، قولىمىزدىن كېلىدىـ
غانلا ئىش بولسا ... — دېدى تۇرگۇن.

— بايقىشىمچە، سىلەردە نۇرغۇن خىسلەت بارـ
كەن. مۇمكىن بولسا، مېنىمۇ بالىلىق چاغلىرىمغا

ئاپىرىپ قويساڭلار. سىلەر بىلەن بىللە ئويناپ باقسام.

ئايچەش مەھمۇد بوۋىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلاپ «قانداق بولار ـ ھە؟» دەپ سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر بۇنى بەجا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭتۇش بالىغا ئايلاندى. ئاندىن خەرىتىدىكى «بارسغان» دېگەن خەت بار يۇملاق بەلگىنى باستى. شۇئان ئۇلار ئۆزلىرىنى بارسغان شەھىرىدىكى ئاۋات بىر رەستىدە كۆرۈشتى. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقى سېتىقچىلارنىڭ دۇكانلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن، يەنە ناۋايخانا، قاسساپلىق، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىمۇ بار ئىدى. بەزىلەر بېشىدا تەۋەڭ كۆتۈرۈپ نان سېتىپ يۈرسە، بەزىلەر ئاشخانىلارغا خېرىدار چاقىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يەنە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىن چىقىۋاتقان تاڭ ـ تۇڭ ئاۋازلار، ھاپىزلارنىڭ خالايىقنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن زوق ـ شوقى بىلەن ئېيتقان ھۆكمەتلىرى پۈتكۈل رەستىگە ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغانىدى.

تۇيۇقسىز بېلىگە ئىككى زاغرىنى تۈگكەن، كىيىملىرى يىرتىق بىر كىشىنىڭ ئۆتۈن ئارتىلغان ئىككى ئېشەكنى ھەيدىگىنىچە چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىغا مەھمۇدنىڭ كۆزلىرى چۈشتى.

«ۋوي، بۇ مېنىڭ ئاتامغۇ! نېمىشقا ئۆتۈن سېتىپ يۈرىدىكىنە؟» دەپ ھەيران قالدى مەھمۇد. ئاندىن ئىتتىك دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاستاغىنا:

— ئاتا! — دەپ توۋلىدى.



www.uyghurkitap.com

مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن ئاۋازىدىنلا بۇنىڭ مەھمۇد ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى ـ دە، دەرھال يېنىدىغا قايرىلىپ مەھمۇدقا قارىدى.

— ھوي، بالام، بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىدىسەن؟ — سورىدى ھۇسەيىن ھەيران بولۇپ.

— دوستلىرىم بىلەن ئويناپ كەلگەن، — دېدى مەھمۇد. ئاندىن ئاتىسىدىن يانداۋرۇپ سورىدى، — سەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى تۇرۇقلۇق، ئوتۇن توشۇپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟

ھۇسەيىن ئەتراپىغا بىر قۇر قاراۋەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنى بىر چەتكە تارتىپ:

— مەن ئاۋامنىڭ رايىنى بىلىپ باقماقچى، شۇڭا ئوتۇنچى قىياپىتىدە چىقىشىم، ئەمما بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنما، باشقىلار مېنىڭ ھاكىم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالمىسۇن، — دېدى.

ئاڭغىچە تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھۇسەيىنگە سالام بەردى. ھۇسەيىن ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، مەھمۇد:

— بۇلار مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم، — دەپ ئۇلارنى تونۇشتۇردى ھەم ئاتىسىنىڭ ئۇزلىرىنىمۇ بىللە ئاپىرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاتىسى دەسلەپ ئۇنىمىغان بولسىمۇ، ئاخىر مەھمۇدنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ماقۇل بولدى.

— ئۇنداق بولسا ھەممىڭلارنىلا ئۇز بالام دەيمەن، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسىلەر جۇمۇ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ھۈسەيىن ئۇلار بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ.

ئۇلار يەنە بىر كوچىغا كىرىپ بىر كاۋاپچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كاۋاپچى ھۈسەيىننى چاقىرىپ قالدى:

— ھەي، ئوتۇنچى، ئوتۇنۇڭ قانچە؟

— چاغلاپ بىر نېمە دەرسەن، — دېدى ھۈسەيىن دەرھال ئىشەكلىرىنى توختىتىپ.

كاۋاپچى «تازا بىر سەھرالىقكەنغۇ بۇ!» دەپ ئويلىغاچ ھۈسەيىننىڭ بەستلىك تۇرقىغا، ئاندىن مەھمۇد ئالتەيلەننىڭ بۇدرۇق تېنىگە سەپسېلىپ قارىدى.

ھۈسەيىن كاۋاپچىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپ، دەرھال ئېشىكىنى «قىخ» دەپ ھەيدىدى.

— گەپ قىلمايلا ماڭغىنىڭ نېمىسى؟ بۇنچىلىك ئوتۇنغا پۇلى چىقىشمايدۇ دەۋاتامسەن - يە؟ — دەپ رودۇپايدەك چاپلاشتى كاۋاپچى. ئاخىر باشقىلارنىڭ سالا - سۆلھىسى بىلەن ھۈسەيىن ئوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ كاۋاپچىغا ساتىدىغان بولدى.

ھۈسەيىن مەھمۇد ئالتەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ، كاۋاپچىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ھۈسەيىن بالىلارنىڭ ياردىمىدە ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈپ بالىخانىغا ئەمدىلا تىزىپ بولۇشىغا، كاۋاپچى:

— ئەمدى ئارام ئالغاچ كاۋاپ يەڭلار، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورسىقى ئېچىپ تاقىلداپ كەتكەن بالىلار دەرھال كاۋاپداننىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى.

ئەمما، ھۇسەيىن كاۋاپنىڭ ھىدىنى پۇراپلا كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ: «ھارام مالنىڭ گۆشىدەك قىلامدۇ نې-مە؟» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە:

— پۇل خىجىللىقىم بار ئىدى، چىدىقىم قىل-ماي، — دەپ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن باللارمۇ ئامال-سىز ئۇنىڭ رايىغا باقتى.

— پۇلنى ئاۋۇ ساندۇقتىن ئېلىپ بەرگىن، — دېدى كاۋاپچى بۇ چاغدا گۆش پارچىلاۋاتقان بىر يىگىتكە.

ھۇسەيىن بىلەن باللار ئۇ ساندۇقنىڭ قېشىغا بېرىشى بىلەنلا دەسسەپ تۇرغان ئورنىدىن تۇيۇقسىز يوغان بىر ئىشىك ئېچىلىپ، ھۇسەيىن، مەھمۇد، تۇر-گۇن، ئايچەش تۆتى قاراڭغۇ بىر زىندانغا چۈشۈپ كەت-تى. ئاڭغىچە كاۋاپچى بىلەن بايىقى يىگىت ئايچەچەك، زۇمرەت، تۇيغۇنلارنىمۇ تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى.

زىنداندا يەنە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار:

— ھەي ئىسىت، نارەسىدە باللارمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ ...— دەپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشتى.

ئەسلىدە بۇ نائىنساب مەخسۇس ئادەم گۆشى ئىش-لىتىدىغان كاۋاپچى ئىكەن...

— ئۇ ۋەھشىي كاۋاپچىنىڭ ھازىرلا ئەدىپىنى بەر-مىسەم، — دېدى ئايچەش ئىشىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئۇققاندىن كېيىن غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ.

— راست، شۇنداق قىلايلى! — دېدى تۇيغۇنمۇ

چىداپ تۇرالماي.

— ئەڭ ياخشىسى ئاتامنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىڭلار، مېنىڭچە ئۇنىڭ چوقۇم ئامالى بار، — دېدى مەھمۇد دادىسىغا ئىشەنگەنلىكتىن. دېمىسىمۇ، بۇنىڭغا ھۆسەيىنىنىڭ ئامالى بار ئىدى.

ئەتىسى زىندانىنىڭ يەنە بىر ئىشىكى ئېچىلىپ، جاللاتلار ھۆسەيىننى باغلاپ ئېلىپ مېڭىشتى.

بالىلارنىڭ بۇ جاللاتلارغا تېتىغۇچىلىكى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە جىم بولۇشۇپ، «قانداق قىلاركىن؟» دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى.

— توختاڭلار، مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىم بار! — دېدى ھۆسەيىن.

— نېمە گەپ؟ تېز ئېيت! — دېدى بىر قانخور جاللات ھۆسەيىننى دۆشكەللەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ گۆشۈمدىن كاۋاپ ئېتىپ تاپىدىغان پۇلۇڭلار تايىنلىق، ئەمما مېنىڭ ھۈنىرىم بىلەن پۇتمەس - تۈگىمەس تىللاغا ئېرىشىسىلەر.

— ھۈنىرىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر جاللات.

— زىلچا توقۇيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاللاتلار ئويلىنىپ قالدى ھەم بۇ گەپنى دەرھال كاۋاپچىغا يەتكۈزدى. كاۋاپچى ھۆسەيىننىڭ ھەقىقەتەن زىلچا توقۇشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن: «ئەمدى راسا باي بولىدىغان

بولدۇم» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا زىلچا توقۇشقا كىرىشىدى. غان نەرسە ـ كىرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بەردى ھەم زىنداندىكى ئادەملەرنىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىتىشىگە ماقۇل بولدى.

ھۇسەيىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر پارچە زىلچا توقۇدى. زىلچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يولۋاس، يولۋاسنىڭ بېشىدا خەنجەر چىشلەپ تۇرغان بىر مۈشۈكنىڭ يولۋاسقا چاڭگال سېلىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، سۈرەتلەرنىڭ قورساق تەرىپىگە ئۆزىنىڭ كاۋاپچىنىڭ زىندانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان خەتلەر گۈل شەكلىدە چۈشۈرۈلگەنىدى. بىراق، كاۋاپچىدا بۇنچىلىك يۇپقا خەتنى ئوقۇغۇدەك ئىقتىدار يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ زىلچىنى كۆرۈپ خۇش بولغىنىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى-دە:

— مولۇندەك قاراپ تۇرۇشماي، دەرھال ئىككىنچىسىنى توقۇش! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كاۋاپچى بۇ زىلچىنى بازارغا ئېلىپ بارغانىدى، بىردەمدىلا بۇ زىلچىنىڭ داڭقى پۈر كېتىپ، شاھ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شاھ ئوردىسىدىكىلەر بۇ زىلچىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەن كاۋاپچى زىلچىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ شاھ بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. ئوردىدىكىلەر زىلچىدىكى گۈل شەكىللىك خەتلەرنى ئوقۇپ، ھاكىم ھۇسەيىننىڭ نەدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بولدى. ئەمما، شاھ چاندۇرماسلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن كاۋاپچىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ قوبۇل قىلغان بولدى.

— مۇشۇنداق زىلچىدىن بىزگە مىڭى لازىم ئىدى. پات ئارىدا توقۇپ بېرەلەمسەن، — دېدى شاھ.

— باش ئۈستىگە، — دېدى ئامەت قۇشى بېشىمغا قوندى دەپ ئويلىغان كاۋاپچى شاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

شاھ كاۋاپچىنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، كاۋاپچىنىڭ ئۆيىگە لەشكەر ئەۋەتىپ قورشاۋغا ئالدى. كاۋاپچىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر خېلى قارشىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ ئاخىر تەڭ كېلەلمىدى. ئاخىر زىنداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئازاد قىلىنىپ، كاۋاپچى دارغا ئېسىلدى.

— قانداق، مېنىڭ دادامنىڭ ئامالى بارمىكەن؟ — دەپ ماختاندى مەھمۇد ئۆيىدىكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا تۇرگۇن بەشەيلەنگە.

— بۇنى ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىدىن كۆرگەن تۈزۈك، — دېدى ھۇسەيىن بالىلارغا چۈشەندۈرۈپ، — ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەنگەن ئادەم مانا مۇشۇنداق ھەرقانداق مۇشكۈلچىلىكتىنمۇ قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ.

ئۇلار يەنە ئەجدەر غارىغا قايتىپ كەلدى. مەھمۇد قەشقەرىمۇ بالىلىق مەزگىلىدىن يەنە ھازىرقى ھالىتىگە قايتقانىدى. بۇ چاغدا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۆتكۈرگە كىرىپ كەلدى - دە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانلىقىنى، مەدرىسىدە ئۆزىنىڭ

تەلىم بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانلىقىنى ئېيتتى.
ئەسلىدە ئۇنىڭ تۇرگۇنلەرنى يەنە نۇرغۇن جايلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلگۈسى بار ئىدى، بىراق ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتمىسە يەنە بولمايدۇ ـ دە.
— بالىلىرىم، ئەمدى ئۆزۈڭلار ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن شاگىرتلىرىمغا تەلىم بېرىپ بولۇپ ئاندىن كېلەي، — دېدى ئۇ شۇڭا.
— مەھمۇد بوۋا، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، — دېدى تۇرگۇن بىر ئىشنى ئويلاپ، — سىز بىلەن مەشەدىلا خوشلاشساق. باردىغان جايغا خەرىتىگە قاراپلا بېرىۋالساقمىكىن دەيمەن؟
مەھمۇد قەشقەرى ئۇلارنى يەنە بىرنەچچە زامان تۇرۇڭلار، دەپ تۇتقان بولسىمۇ، ئۇلار مەھمۇد بوۋىسىنىڭ ۋاقتىنى ئېلىۋەرمەسلىك ئۈچۈن كېتىش نىيىتىگە كەلدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەھمۇد بوۋىسىغا ئۇزۇن ئۆمۈرلەرنى ھەم تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، تۇرگۇن خەرىتىدىكى بىر جاينى بارماقلىدى...

# ئانىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئۆرۈك

— خەرىتىنى خاتا بېسىۋاپسەن، — دېدى زۇمرەت ئۆزلىرىنىڭ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇققا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تورگۈنگە نارازى بولۇپ، — ئەمدى بۇ چۆلدە ئېزىپ قالساق قانداق قىلىمىز؟

— راست دەيدۇ! شۇنداق مەنزىرىلىك جايلار تۇرسا، قۇملۇقتا پوق بارمىكىن، — دېدى ئايچەشمۇ قاقشاپ.

— قېنى ئېيتىڭلارچۇ، نەگە بارغۇڭلار بار-كىن؟ — دېدى تويغۇن ئۆز كارامىتىنى بىر كۆرسىتىۋالماقچى بولۇپ كۆرەڭلەپ.

— سۈيى ئەلۋەك، يېشىللىقلىق جايلارغا بارمامدۇق.

ئۇلار بۇ يەردىن ئەمدىلا كېتەي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى.

— ھۇش! — دەپ ھەممەيلەننى تىنچ بولۇشقا ئىشارەت قىلدى تورگۈن. دېگەندەكلا بىر بالىنىڭ «ئاپا! ئاپا!» دەپ يىغلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

«قىزىق ئىش، ئەتراپ غىلىڭ تۇز، بىرەر ئادەمنىڭ

سايىسىمۇ كۆرۈنمىسە، نەدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىدۇ بۇ؟» ئۇلار ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراشتى، لېكىن بوران ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ قويغان بىر تال توغراق شېخىدىن بۆلەك ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. تويۇقسىز بايىقى يىغا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

«ئاپا! ئاپا!» دەپ خېلىغىچە يىغلاپ يەنە توختاپ قالدى ئاۋاز. يىغا ئاۋازى ئۇلارنىڭ قېشىدىنلا كېلىۋاتاتتى، ئەمما زادى نەدىدۇ؟

— جىنىنىڭ ئاۋازى ئەمەستۇ ـ ھە؟ — تويغۇن ئويلانمايلا شۇنداق دەپ سالدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممەيلەننى قورقۇنچ باسقىلى تۇردى.

— بولۇڭلارچۇ، تېز كېتەيلى! — دەپ يالۋۇردى زۇمرەت. دەل شۇ چاغدا تۇرگۇن ئالدىدىكى قۇم ئارىسىدا تۇرغان كىچىككىنە بىر نەرسىنىڭ چۇمۇلىدەك مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— توختاپ تۇرۇڭلار! — دېدى. ئاندىن ئېڭىشىپ ئۇ نەرسىنى ئالىقىنىغا ئالدى. بۇ بىر تال ئۇرۇق ئىدى. ئۇرۇق تۇرگۇننىڭ ئالىقىنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلماقچى بولغاندەك قوللىرىنى سوزغىنىچە:

— ئاپا! ئاپا! — دەپ يەنە يىغلىغىلى تۇردى.

— سەن مېنىڭ ئاپام ـ ھە؟ — دەپ سورىدى ئۇرۇق ئېسەدەپ تۇرۇپ. تۇرگۇن بېشىنى چايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق يەنە ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

«باياتىدىن يىغلاۋاتقان مۇشۇ ئۇرۇق ئىكەن ـ دە!» دەپ ھەيران بولۇشتى ھەممىسى.

— ۋايتوۋا، ئۇرۇقمۇ يىغلايدىكەن ـ ھە؟ — دېدى ئايچەش ياقىسىنى تۇتقىنىچە. ئاندىن ئۇلار بۇ بىچارە ئۇرۇق بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

— سېنىڭ ئاپاڭ كىم؟ — دەپ سورىدى تۇرگۈن كىچىككىنە ئۇرۇققا كۆلۈمسىرەپ قاراپ.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇرۇق كىچىككىنە قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە چۈچۈك تىلدا.

— ئۇنداق بولسا، ئاپاڭنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى دەپ بەرگىن، بىز ئىزدەپ باقايلى.

— مېنىڭ ئاپام... مېنىڭ ئاپام ...— دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى ئۇرۇق، — كۆك، ياق، يېشىل، ياق، ياق، قىزىل... ئۇ مېنى پەرىشتەم دەپ ئەركىلەتەتتى.

— بۇ گەپچە سېنىڭ ئاپاڭ ...— دەپ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ كەتتى تۇرگۈن. ئاندىن چورتلا كېسىپ، — ئۇرۇق دېگەننىڭ ئاپىسى تۇپراق بولمامدۇ؟ — دېدى.

— مېنى مازاق قىلما جۇمۇ! بولمىسا ئاپامغا دەيمەن! — دەپ يىغلاپ كەتتى ئۇرۇق.

بۇ چاغدا تۇرگۈن نېرىدا تاشلىنىپ ياتقان يۇلغۇن شېخىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇرۇقنى يۇلغۇن شېخىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ دېدى:

— سېنىڭ ئاپاڭ مۇشۇغۇ دەيمەن؟

— ياق! ياق! مېنىڭ ئاپام ئۇنداق سەت ئەمەس! — دەپ يەنە يىغلىغىلى تۇردى ئۇرۇق. شۇنىڭ

بىلەن ھەممەيلەننىڭ: «ئۇنى يىغىدىن قانداق توختىتار-مىز» دەپ بېشى قاتتى.

— قانداق قىلساق بولار؟ تاشلىۋېتىپ كېتىۋېرەم-دۇق - يە؟ — دېدى تۇيغۇن.

— بىچارە يىغلاپ تۇرۇۋاتسا، يالغۇز تاشلاپ كې-تىشكە قانداق كۆڭلىمىز ئۇنايدۇ، — دېدى زۇمرەت قارشى چىقىپ.

— ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا ئاپىسىنى تېپىشىپ بېرەيلى، — دېدى تۇرگۇن. تۇرگۇننىڭ گېپىگە ھەم-مەيلەن ماقۇل دېيىشتى.

— ئېيتقىنا، سەن زادى قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن؟ — سورىدى ئايچەش ئۇرۇقتىن.

— ئاۋۇ ياقتىن، — دېدى ئۇرۇق كۇنچىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ، ئاندىن تۇرۇپلا بۇ گېپىدىن يېنىپ، — ياق، ياق، ئاۋۇ ياقتىن، — دەپ كۇنپېتىش تەرەپنى كۆرسەتتى. ئۇرۇق شۇنداق دېدى-دە، يەنە ئۆ-زىگە ئىشىنەلمەي، — ئاۋۇ ياقتىنغۇ دەيمەن، — دەپ غەرب تەرەپنىمۇ كۆرسەتتى.

— زادى قاياقتىن؟

ئۇرۇق ئەتراپىغا قاراپ گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتكەن-دىن كېيىن:

— بىلمەيۋاتىمەن، — دېگىنىچە يەنە يىغلىغىلى تۇردى.

— تازىمۇ بىر ئىش بولدى، نەدىن كەلگىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمىسە، ئاپىسىنى بىز قانداق تېپىپ

www.uyghurkitap.com

بېرەرمىز، — دەپ غودۇڭشىدى تۇيغۇن.

ئۇلار ئۇرۇقنى كۆتۈرۈپ ماڭە ـ ماڭە ئەگرى ـ بوگرى ئۆسكەن بىر تۈپ توغراق تۈۋىگە كېلىپ قالدى. سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ شالاڭ ئىدى.

— ئاپاڭمىكىن، قاراپ باققىنا، — دېدى تۇرگۇن ئۇرۇققا توغراقنى كۆرسىتىپ.

— مېنى مازاق قىلىۋاتىسىلەر، هۆ، هۆ! — دەپ يىغىنى سالدى ئۇرۇق، — مېنى قويۇۋەت، كېتىمەن! كېتىمەن!

ئۇرۇق تۇرگۇننىڭ قولىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ يامانلاپ ماڭدى.

— ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن، ئاچچىقى ئەجەب يامانكىنا! — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئايچەش.

تۇرگۇن بەزلەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئۇنى تۇتۇۋالدى ھەم:

— بولدى، خاپا بولمىغىن، مەن ئويلىمايلا دەپ ساپتىمەن، — دەپ كەچۈرۈم سورىدى.

— مېنىڭ ئاپام ئاشۇنداق سەتما؟! — دەپ دوق قىلدى ئۇرۇق.

— ياق، ياق، ئۇرۇقتاينىڭ ئاپىسى ئاسماندىكى ئايدەك شۇنداق چىرايلىق! — دېدى زۇمرەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقتاي پەسكويغا چۈشۈپ، چىرايى يەنە ئېچىلدى.

ئۇلار تالاي ـ تالاي قۇم بارخانلىرى، ياردائڭلاردىن

ئۆتۈپ، كىچىككىنە بىر ئوچۇقچىلىققا چىقتى. نېرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ جايدا ئۇزاقتىن بىرى قۇم ئاستىدا ياتقان قەدىمدىي بىر شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكى ئېچىلىپ قالغانىدى...

— ئانام چوقۇم مۇشۇ شەھەردە، — دېدى ئۇرۇقتاي تولۇق ئىشەنچ بىلەن. چۈنكى، ئاپىسى ئۇنىڭغا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى بەك جىق سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ئۇلار ئۇرۇقنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ شەھەردە بولۇشىغا ئىشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ خەقىشلىك قىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ چىقماقچى بولۇشتى. ئىزدە - ئىزدە بىر ئۆيىنىڭ تۆكلۈكىنى تاپتى ھەمدە تۆكلۈك ئارقىلىق ئۆيگە چۈشتى. بىراق، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قۇم توسۇۋالغانىدى. ئۇرۇق بۇنى كۆرۈپ «ئاپا! ئاپا!» دەپ بۇدرۇق پۇتلىرىنى پىلتىڭلاتقىنىچە يەنە يىغلىغىلى تۇردى.

ئايچەش ئۇرۇقنى «يىغلىما، ئاپئاق ئۇكام! ئاپاڭنى چوقۇم تېپىپ بېرىمىز!» دەپ بەزلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇ شەھەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاۋات مەزگىلىگە باشلاپ باردى.

شەھەر كوچىلىرى دەل - دەرەخلەر بىلەن تولغان، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، يول بويى ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يىراقتا شاھ ئوردىسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئاپام چوقۇم خانىش، — دېدى ئۆرۈق-تاي يەنە ئاپىسى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەرنى ئەسكە ئېلىپ.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىمىزگە ئىش تاپماي، قاي-تىپ كېتەيلىچۇ، — دېدى تۇيغۇن غودۇڭشۇپ. لې-كىن، ئۆرۈقتاينىڭ خەقىشلىك قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۇلار ئامالسىز شاھ ئوردىسىغا كىردى ھەمدە مىڭبىر بالالىقتا خانىش بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاپا! ئاپا! سەن مېنىڭ ئاپام! — ئۆرۈقتاي خانىشنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

كىچىككىنە بىر تال ئۆرۈقنىڭ ئۆزىنى «ئاپا» دەپ ئاتىغانلىقىدىن قاتتىق ئاچچىقلانغان خانىش ئۇنى بىر شاپىلاق بىلەنلا ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

دېمىسىمۇ راست ـ دە! شۇنچىۋالا ھۆرمەتلىك بىر خانىشنىڭ بىر تال ئۆرۈق تۇغۇپ قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئىشنى ئۆز شەنىگە قىلىنغان قاتتىق ھاقارەت دەپ بىلگەن خانىش ئۆرۈق بىلەن تۇرگۇن بەشەيلەننىڭ ھەم-مىسىنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ناۋادا ئايچەش «چىكىلدا سائىتىم، چىكىلدا» دەپ قۇتۇلدۇرۇپ قال-مىغان بولسا، ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىناتتىمىكىن-تاڭ؟

ئۇلار شەھەرنىڭ قۇم باسقان مەزگىلىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ جايدىن تېز كەتمەكچى بولۇپ يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ماڭه ـ ماڭه كەچ كىرىپ قوملۇقتىلا يېتىپ قې-
لىشتى. قاراڭغۇ چۈشكەنچە كۆكتىكى يۇلتۇزلار شۇنچە
نۇرلىنىپ، ئۇلارغا كۆز قىسىپ قاراشقا باشلىدى.
— پاھ، كېچە ئاسمىنى نېمىدېگەن چىرايلىق -
ھە! — دەۋەتتى ئايچەش چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇل-
تۇزلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ.
— مېنىڭ ئاپام چوقۇم ئاشۇلارنىڭ ئىچىگە مۆكۈ-
ۋالغان، — دېدى ئۇرۇق تۇيۇقسىزلا يەنە نېمىنىدۇر
ئەسكە ئېلىپ.
— سەن دېگەن ئۇرۇق تۇرساڭ، ئۇلار دېگەن
يۇلتۇز تۇرسا، قانداقسىگە ئاپاڭ بولىدۇ؟ — دېدى
تۇيغۇن سەل تېرىكىپ.
شۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئۇرۇقتاي يەنە «ئاپا!
ئاپا!» دەپ كۆكچەيلىك قىلىپ يىغلاشنى باشلىۋەتتى.
— ئاشۇ مېنىڭ ئاپام! ئاپام مېنى پەرىشتە دەيت-
تى، — دېدى ئۇرۇقتاي ئەڭ نۇرلۇق بىر يۇلتۇزنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ.
— نەدىنمۇ ئۇچرىدى بۇ كۆكچەي! — دەۋەتتى
ئايچەش ئاخىر جىله بولغىنىدىن ئۆزىنى باسالماي.
— كىچىك ئەمەسمۇ، ئىش ئۇقمايدۇ، — دېدى
زۇمرەت.
— بوپتۇلا، يىغىسىلا توختايدىغان ئىش بولسا،
ئاشۇ يۇلتۇزنىڭ قېشىغا ئاچىقىپ كەلسەكىمۇ كې-
لەيلى، — دېدى تۇيغۇن.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇرۇقىنى ئۇ يۇلتۇزنىڭ

قېشىغا ئېلىپ چىقتى.

ئۇ يۇلتۇز كىچىككىنە بىر تال ئۇرۇقنىڭ ئۆزىنى «ئاپا» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ:

— سېنىڭغۇ بالا قىلغۇالسام بولاتتى، ئۆزۈڭمۇ بىر تاتلىق بالىكەنسەن. بىراق، يەنىلا ئۆز ئاپاڭنى تاپقىنىڭ تۈزۈك، — دېدى.

ئۇلار باشقا بىر قانچە يۇلتۇزدىنمۇ سوراپ كۆرگەندى، ھېچقايسىسى ئۇرۇقنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا، ئۇلار ئامالسىز يەنە قوملۇققا قايتىپ چۈشۈشتى.

— ئاپام ماڭا دېڭىز توغرۇلۇق چۆچەك سۆزلەپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنى دېڭىزدىمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇرۇقتاي يەنە غەلۋە قىلىپ.

ئۇلار بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، دېڭىز بويىغا ئاپاردى.

— ئاپا! ئاپا! سەن مېنىڭ ئاپام ـ ھە؟ — دەپ توۋلىدى ئۇرۇق كۆز يەتكۈسىز دېڭىزغا قاراپ. لېكىن، دېڭىزدىن سادا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرگۇن ئۇنى قىرغاقتا تېخىمۇ يېقىن ئاپاردى.

— ئاپا! ئاپا! مېنى تونۇماس بولۇپ قالدىڭما؟! — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئۇرۇق. بۇ قېتىم دېڭىزنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى بولغاي، زۇۋانى ئېچىلدى.

— كەچۈرگىن، ئۇرۇقتاي، مەن سېنىڭ ئاپاڭ

ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئاپاڭنى تاپقىن، — دېگىنىز شۇنداق دېگەندىن كېيىن زادىلا زۇۋان سۈرمىدى.

ئۇلار قوملۇققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇقنىڭ ئاپىسىنى ئىزدەپ يەنە نۇرغۇن يول ماڭدى. ماڭە-ماڭە ئاخىر بىر كۆل بويىغا كېلىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز كەلگەن شامال تۇرگۇننىڭ قولىدىكى ئۇرۇقتاينى ئۇچۇرتۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. تۇرگۇن «ئاپلا!» دېدى-دە، ئۇرۇقتاينى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئارقىسىدىن قوغلىدى. بىراق، شامال شاخ-شومبا، قوم-توپىلارنى قوشۇپ ئۇچۇرغاچقا، ئۇرۇقنى تاپالمىدى. ئۇرۇقتاي شۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنىدى...

ئۇلار بىچارە ئۇرۇقتاينى خېلى ئۇزاق ئىزدەپمۇ زادىلا تاپالمىدى. ئۇنىڭ يىغلىغان ئۈنىمۇ ئاڭلىنار ئەمەس. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ بېشى قاتتى ئۇلارنىڭ. ئىزدەپ ھېچ تاپالمىغاندىن كېيىن ئايچەشنىڭ كاللىسىغا غەلىتىلا بىر ئوي كەلدى-دە، سىناپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

«چىكىلدا سائىتىم، چىكىلدا.»

ھەش-پەش دېگۈچىلا ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. كۆل بويىدا جالا-جالا ئېچىلىپ ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان بىر توپ يۇلغۇن ئۇلارغا شوخ جىلۋە بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئىككى يىل بۇرۇن بۇ جايدا يۇلغۇن يوق ئىدىغۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئايچەش.

— مەنچۇ، قاراڭلار، ئىككى يىل بۇرۇن تۇرگىنى ئاكامنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىققان، — دېدى يۇلغۇن بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ.

— ئاپاڭنى تاپتىڭمۇ؟ — تەڭلا سوراشتى بەشەيلەن.

— تاپتىم، تاپتىم!

— قېنى، بىر كۆرسەتكىنە.

— مەن ئۈنۈپ چىققان مۇشۇ تۇپراق مېنىڭ ئاپامكەن.

— ئىلگىرى كېپىمىزگە ئەجەب ئىشەنمىگەنتىڭغۇ؟

— ھەي، ئۇ چاغلاردا ئەقىلسىز، نادان ئىكەنمەن، ئاپامنىڭ قويندا تۇرۇپمۇ يەنە ئاپام نەدىسەن دەپ قاڭقىپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى، مېنىڭ ئاپام دەل مۇشۇ قۇم بىلەن تولغان تەكلىماكان ئىكەن! بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز كۆرۈنگەن نەرسىنى ئانام دەۋەرمەيمەن!

يۇلغۇننىڭ گەپلىرىدە بالىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، بېشىدىن ئۆرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن مويسىپىتلەرچە پىكىر بالقىپ تۇراتتى.

# تارىم يولۋىسىنى سىغىنىش

ئۇلار تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر ھۆۋقۇشنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە پاقىنىڭ ئولىشىۋالغان-لىقىنى كۆردى. ھۆۋقۇش پاقىلارغا نېمىلەرنىدۇر دې-مەكتە ئىدى.

— ۋايتوۋا، ھۆۋقۇش بىلەن پاقىنىڭ سۆزلەشكەن-نىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتقان-دۇ - ھە؟ — دېدى ئايچەش ھەيران بولۇپ.

— تورگۇن ئاكا، كارامىتىڭىزنى بىر كۆرسىتىڭ-چە، — دېدى زۇمرەت تورگۇنگە چاقچاق ئارىلاش.

ئۇلار ھۆۋقۇش، پاقىلارنى ئۇركۇتۇۋەتمەس-لىك ئۈچۈن، ئېگىز بىر غوژمەك يۇلغۇننى دالدا قى-لىپ، يۇلغۇن شاخلىرى ئارىسىدىن ئۇلارغا سەپسىلىپ قارىدى.

بىر پاقىنىڭ ئۈچەي - قارنى چۇۋۇلۇپ ساڭگىلاپ قالغان، ئىككى پاقا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالغان، يەنە بىر پاقا ھۆۋقۇشنى نېمە دەركىن دەپ ئۇنىڭ ئاغزى-غا تەقەززا بولۇپ قاراپ تۇراتتى.

— نېمە بولغان؟ — دەپ سورىدى ھۆۋقۇش يارىدار پاقىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن.

www.uyghurkitap.com

— تاش بېسىۋاپتۇ، — دېدى ھۆۋقۇشنىڭ ئالدىدا تۇرغان پاقا.

— ئۈچەي - قېرىنلىرى ساق ئىكەن، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىدىمۇ مەسىلە يوق، ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ھۆۋقۇش تولۇق ئىشەنچ بىلەن. ئاندىن ياردار پاقىنى ياندىكى بىر كۆلچەك بويىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى.

— بۇ ھۆۋقۇش دوختۇر ئوخشايدۇ، — دېدى تۇيغۇن ئايچەشكە پىچىرلاپ.

— ھۇش! — دەپ گەپ قىلماسلىقنى ئىشارەت قىلدى تۇرگۇن دەرھال.

پاقىلار ياردار پاقىنى كۆلچەك بويىغا يۆلەپ ئاپارغاندىن كېيىن، ھۆۋقۇش:

— ئۇنى ياتقۇزۇڭلار، — دېدى.

پاقىلار ئۇنى ياتقۇزدى. ھۆۋقۇش ئۇنىڭ ئۈچەي - قېرىنلىرىنى بىرقۇر ئوڭشىغاندىن كېيىن:

— ئەمدى ئىچىڭگە دەم تارت! — دېدى. ياردار پاقا ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا دەم تارتقاندى، ئۈچەي - قېرىنلىرى قورسىقىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. ئاخىرىنى ھۆۋقۇش كىرگۈزۈۋەتتى. ئاندىن يېرىق ئۈستىگە لاي سۈركىدى.

— ئەمدى قوللىرىڭ بىلەن قورسىقىڭنى مەھكەم تۇتە، جايىڭدا قىمىر قىلماي جىم يات! يېرىق ئېچىلىپ قالمىسۇن جۇمۇ! — ھۆۋقۇش شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەپ جېكىلىدى، — ئۈچ كۈن مۇشۇنداق ياتىسەن! ئاندىن كۆلچەككە چۈشۈپ

كەتسەڭ بولىدۇ.

— تېۋىپ ئۇستام، ئۇ ساقىيارمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر پاقا ئەنسىرەپ.

— ساقايمىغىنىغا مەن ئىگە، — دېدى هۇۋقۇش ئۇڭ قانىتىنى كۆكسىگە ئۇرۇپ.

هۇۋقۇشنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىدىن پاقىلارنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى بولغاي، ئارتۇقچە گەپ قىلىشمىدى.

— سەن مۇشۇ يەردە يېتىپ ئوبدان ئارام ئال، بىز هالىڭدىن خەۋەر ئالغىلى يەنە كېلىمىز، — قالغان پاقىلار شۇنداق دېيىشىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى-دە، كۆلچەككە سەكرەپ چۈشۈپ كېتىشتى. هۇۋقۇش بولسا يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، يوغان بىر تال يوپۇرماققا يېزىلغان قانداقتۇر بىر خەتلەرنى ئوقۇغىلى تۇردى.

— قارىغاندا، بۇ هۇۋقۇش داڭلىق تېۋىپ ئوخشايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى زۇمرەت.

— ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلىشىپ كۆرسەك بولىدىكەن، — دەپ پىچىرلىدى تۇيغۇنمۇ.

بۇ چاغدا هۇۋقۇشنىڭ قېشىغا بىر مولۇن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن هالدا قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئالدىراش يۈگۈرۈپ كەلدى.

— هە، نېمە بولدۇڭ مولۇنجان؟ — دەپ سورىدى هۇۋقۇش يوپۇرماق كىتابنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ.

— ۋاي - ۋاي، قورسىقىم! مۇجۇپ، ئەنسىز سو-
روپ...

— نېمە يېگەنتىڭ؟

— زەھەرلىك بىرنەرسە يەۋالغان ئوخشايمەن. كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ، بىر ئامالدى-نى قىلغان بولسىڭىز، تېۋىپ ئۇستام، — مولۇننىڭ چىرايىدىن ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي ۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆزۈڭمىغۇ نەپسىڭ يامانراق نېمە، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتسە كۆزۈڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان... — ھۇۋقۇش شۇنداق دېگەچ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يۇلغۇن ئارىسىغا قويۇپ قويغان بىر دورىنى ئالدى.

— مە، ماۋۇنى يەپ راسا بىر قۇسۇۋەتسەڭ ساقىي-يىپ كېتىسەن، — دېدى ھۇۋقۇش دورىنى مولۇنغا سۇنۇپ.

— مارالقۇلاققۇ بۇ؟ — دېدى مولۇن دورىنى ئې-لىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن، — باشقا ياخشىراق دورىڭىز يوقمۇ؟

— بۇنىڭغا يېتىدىغان دورا نەدە باركەن. ماڭ يۈگۈر، دەرھال قايتىپ بېرىپ دوراڭنى يېگىن!

مولۇن ھۇۋقۇشقا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، «ۋاي - ۋاي، قورسىقىم!» دەپ ئىڭرىغىنىچە دىڭگۇسلاپ كېتىپ قالدى.

ھۇۋقۇشنىڭ بۇ ئىككى كېسەلگە بۇيرۇغان داۋاسى-دىن قايىل بولۇشقان تورگۇن بەشەيلەننىڭ دەرھاللا

ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈشكىسى كەلدى. بىراق، مۇشۇ ھالىتىدە بارسا، ئۇنىڭ ئۇركۈپ قېچىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا، تۇيغۇن نوقۇتنىڭ كارامىتى بىلەن ھەممەيلەننى ئۇنىڭ جەمەتىگە — ھۇۋقۇش چۇجىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز!

تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇنىڭغا تەڭلا سالام بېرىشتى. شۇئان ئۇ چۆچۈپ بېشىنى يوپۇرماق كىتابتىن كۆتۈردى-دە، ئالدىدا بەش ھۇۋقۇش چۇجىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاندىن بىردىنلا ئېسىنى تېپىپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كېلىڭلار، كېلىڭلار، باللىرىم! — دېدى ئۇلارنى قېشىغا تەكلىپ قىلىپ.

— ھە، نېمە بولغانتىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ «قايسىڭلار كېسەل؟» دېگەندەك ئۇلارغا بىرقۇر قاراپ.

— بىز كېسەل ئەمەس، — دېدى تۇرگۇن چۈشەندۈرۈپ، — بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سىزگە سالام بېرەيلى دېدۇق.

— ۋاي، باركاللا، كىمنىڭ باللىرى سىلەر؟ قەۋەتلا تاتلىق بالىكەنسىلەرغۇ.

ئۇلار بىردەم ئەھۋاللاشقاچ ئۇنى - بۇنى سوراشقاندىن كېيىن، گەپ تەبىئىي ھالدا تېۋىپ ھۇۋقۇشنىڭ كەسپىگە يۆتكەلدى.

— تېۋىپ بوۋا، سىز كېسەللەرنى ئاجايىپلا داۋالايدىكەنسىز، — دېدى زۇمرەت كۆڭلىدىكىنى يوپۇتماي تۈزلا ئېيتىپ.

www.uyghurkitap.com

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ھۇۋقۇش ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— بىز تەرەپتە قارنى يېرىلىپ كەتكەنلەرنى بالا-نېستقا ياتقۇزۇپ، قورسىقىنى نەچچە يېپلىق قىلىپ تىكىپ، ئاسما ئوكۇل سالىدۇ. ئەمما، سىز لاي سۇر-كەپ قويۇپلا بولدى قىلدىڭىز...

— ھىم، بۇ گېپىڭلارچە سىلەر ئادەم جىق يەردىن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ھۇۋقۇش ئۇلارغا يات-سىراپ قاراپ، — پەمىمىچە، بۇ يەرلىك ئەمەس-كەنسىلەر - ھە؟

— شۇنداق، بىز بۇ يەرلىك ئەمەس، — دېدى تورگۇن، — داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ، شۇنچە يىراقتىن سىزدىن تەلىم ئالايلى دەپ كېلىشىمىز.

— مەندىن تەلىم ئالىمەن دېسەڭلار، ئۇنداق ئاسما ئوكۇل، پاسما ئوكۇل دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭلار، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئۇنداق خىمىيىۋى دورىلارنى ئىشلىتىپ ھايۋانلارنى زەھەرلەيدىغان ئىشلارغا قەتئىي قارشى. مې-نىڭ قوللىنىدىغىنىم پۈتۈنلەي تەبىئىي داۋالاش ئۇسۇ-لى، ئىشلىتىدىغانلىرىممۇ ساپلا تەبىئىي دورىلار.

تېۋىپ ھۇۋقۇش بىرمۇنچە تەلىم بەرگەندىن كې-يىن، ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— ماۋۇ كىتابنى ئوقۇپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى ئۇ يوغان بىر تال يوپۇرماقنى ئۇلارغا بېرىپ.

يوپۇرماقنى ئايچەش ئېلىپ ھېچنېمىنى

كۆرەلمىدى. «خەت يوققۇ بۇنىڭدا، قانداقسىگە كىتاب دەيدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئوقۇيالىماي ھەجىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن تۇيغۇن دەرھال يوپۇرماقنى ئالدى-دە، خاسىيەتلىك نوقۇتقا ئىلتىجا قىلدى. شۇئان يوپۇرماقتىكى خەتلەر ئۇنىڭغا بىرمۇبىر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— قوتازدىكى قوتۇر كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇلى، — دەپ ئوقۇشقا باشلىدى تۇيغۇن، — قوتاز قوتۇر بولۇپ قالسا، ئۇنى كۆل بويىغا ئەكېلىپ پاتقاققا ئېغىناتماق كېرەك. پاتقاق قوتۇر ئۈستىگە چاپلىشىپ قورۇپ، ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كۆلگە كېلىپ يۇيۇنۇپ ئادالىۋەتسە، قوتۇر كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ.

— ۋاھ، ۋاھ، يارايسەن، ئالامەت پەيزى ئوقۇۋەتتىڭ! — دەپ ماختاپ كەتتى تېۋىپ ھۇۋقۇش تۇيغۇندىن مەمنۇن بولۇپ. ئاندىن نوقۇتنىڭ خاسىيىتى بىلەن قالغان تۆتەيلەنمۇ يوپۇرماقتىكى باشقا خەتلەرنى تېۋىپ ھۇۋقۇشقا ئوقۇپ بەردى.

— بولدى، ھەممىڭلار سىناقتىن ئۆتتۈڭلار، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇلارغا قايىل بولۇپ، — ھەممىڭلارنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدىم!

ھۇۋقۇش تېۋىپ ئۇلارغا باشقا يوپۇرماق كىتابلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ تۇرۇشىغا ئورۇقلاپ ئۆلەيلا دەپ قالغان بىر قېرى بايتال كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىپ قالدى.

— سىلەر كېسەل كۆرۈشنى ھازىردىلا باشلايسىلەر، — دېدى تېۋىپ ھۆۋقۇش.

— بۇ قانداق بولار؟ — دېدى تۇرگۇن ئىككىلىنىپ، — بىز تېخى بىر قېتىممۇ كېسەل كۆرۈپ باقمىغان تۇرساق.

— كېسەل كۆرۈش ئۇنچىلىك تەس ئىش ئەمەس. مەن ئىشىنىپ كۆرۈڭلار دېدىممۇ بولدى، چوقۇم كۆرۈپ كېتىسىلەر. بىلەلمىگەن يەرلىرىڭلارغا مانا مەن بار.

— نېمە بولغان؟ — سورىدى تۇرگۇن قېرى بايتالدىن.

— يېسەم - يېسەم قورسىقىم تويمايدۇ، يە بىر چىرايىمغا چىقمايدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كۆتۈرەم بولايلا دەپ قالدىم، — دېدى بايتال ھارغىن ئاۋازدا.

ئۇلار بۇنىڭغا ئۇلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تېۋىپ ھۆۋقۇشقا قاراشتى.

— ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىڭلار، — دېدى تېۋىپ ھۆۋقۇش.

تۇرگۇن بەشەيلەن بىر - بىرلەپ بايتالنىڭ يۈرىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشاپ باققان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. شۇڭا، ئاخىر تېۋىپ ھۆۋقۇشقا ئىلتىجا قىلىپ:

— كەچۈرۈڭ، بىز راستىنلا بىلەلمىدۇق، — دېيىشتى.

تېۋىپ ھۈۋقۈش كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن:
— بوپتۇ، كېسەللىككە مەن دىئاگنوز قويۇپ بې-
رەي، بۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالىسىلەر، —
دېدى-دە، بايتالنىڭ قورسىقىغا چاپلىشىپ تۇرۇپ، ئۇ-
نىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆردى.
— ئىچىڭىزدە پارازىت قۇرت باركەن، — دېدى
ئۇ ئاخىر چورتلا ھۆكۈم قىلىپ.
— قۇرت؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى بايتال، —
ۋىيەي، قورقۇتمىسىڭىزچۇ!
— بۇنىسى راست، — دېدى تېۋىپ ھۈۋقۈش بې-
شىنى لىڭشىتىپ تەمكىنلىك بىلەن، — ئەمما بۇنىڭ
داۋاسى بەك ئاددىي.
ئاندىن ئۇ تۇرگۇن بەشەيلەنگە يۈزلىنىپ دېدى:
— قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇنىڭغا قانداق دورا
بەرسەك بولار؟
— بىز تەرەپتىغۇ قۇرت دورىسى دەيدىغان مەخ-
سۇس بىر خىل دورا بولىدىغان، — دېدى ئايچەش.
— لېكىن، بۇنىڭ دورىسى بايتالنىڭ ئۆز بەدىنىد-
دە، — دېدى تېۋىپ ھۈۋقۈش بايتالنىڭ قۇيرۇقىنى
ئىما قىلىپ.
شۇئان ھەممەيلەن بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا قاراشقىنىد-
چە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قېلىشتى.
— ھە، قۇيرۇقىدىن ئازراق كەسمەي نېمە قاراپ
تۇرىسىلەر؟ — دېدى تېۋىپ ھۈۋقۈش بۆيرۇق تەلەپپۇ-
زىدا.

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئۇلار نېمە بىلەن كېسىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېرىشتى.

— ئەكېلىڭلار، مەنلا كېسەي، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئاخىر سەل تېرىكىپ. ئاندىن ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تۇتام قىلنى چىشى بىلەن قىرقىپ تېخىمۇ ئۇششاقلىدى ھەمدە تۇرگۇنگە قىلنى يوغان بىر تال يوپۇرماققا ئوراشنى بۇيرۇدى. قىل يوپۇرماققا ئورىلىپ بولغاندىن كېيىن، بايتال تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇنى چاينىمايلا يۇتۇۋەتتى.

— مۇشۇنىڭغىلا قۇرت چۈشۈپ كېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى بايتال قايتار ۋاقتىدا سەل ئىشەنمىگەن ھالدا.

— چۈشمىسە مانا مەن بار، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش يەنە مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— ئۇستام، بۇ دورىنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرت چۈشۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دەپ سورىدى تۇيغۇن بايتال كەتكەندىن كېيىن تېۋىپ ھۇۋقۇشتىن.

— بۇنىڭ داۋلىسى بەك ئاددىي، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئالدىرىماي سۆز باشلاپ، — يوپۇرماق ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ھەزىم بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىدۇ، ئەمما قىللار ھەزىم بولماي ئۆز پېتى تۇرىۋېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۈچەي يولىدىكى پارازىت قۇرتلارغا سانجىلىپ ئارام بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارازىت قۇرتلار ئۆزلىرىنى قاچۇرىمىز دەپ تېزەك بىلەن بىللە ئارقا پېشابتىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئاددىي، ئەمما ئورۇنلۇق چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمۇ ئېشىشقا باشلىدى.

تېۋىپ ھۇۋقۇشنىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا بىر ئەركەك جەرەن ئالدىراش يېتىپ كەلدى.

— تېۋىپ ئۇستام، بىزنىڭ مەھەللىگە بىر بېرىپ كەلگەن بولسىڭىز، — دېدى جەرەن ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ھە، نېمە بولدى؟ ئاۋۋال ئېيتامسەن؟ — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش.

— بالىلارنىڭ ئانىسى ئورنىدىن قوپالماس بولۇپ قالدى، بېرىپ كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، — دېدى جەرەن يېلىنىپ.

— بوپتۇ، بارسام باراي، — دېدى تېۋىپ ھۇۋ-قۇش. ئاندىن تۇرگۇن بەشەيلەنگە قاراپ ئېيتتى، — يۈرۈڭلار، سىلەرمۇ بىللە بېرىڭلار.

ئۇلار ئەتراپىغا سىم تارتىپ قورشالغان چوڭ بىر جەرەن فېرمىسىغا باردى. دېگەندەك ئۇ جايدا تۇلۇمدەك سەمرىپ كەتكەن بىر چىشى جەرەن قوپالماي ياتقان-كەن.

— ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغىنىغا مانا ئۈچ كۈن بولدى، — دېدى ئەركەك جەرەن، — تورغۇزۇپ باقسىلى دەپ ھەرقانچە كۆتۈرسەكمۇ پۇتلىرىنىڭ ھېچ ماغدۇرى يوق دەپلا تۇرىدۇ.

تېۋىپ ھۇۋقۇش چىشى جەرەننى بىرقۇر تەكشۈ-رۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

— پۇتلىرى ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقىتىپتۇ، ھەرقانچە داۋالىغان بىلەنمۇ ئامال يوق، — دېدى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— تېۋىپ ئۇستام، بالىلىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئامال قىلغان بولسىڭىز، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دەپ يالۋۇردى ئەركەك جەرەن.

— ئۇزاق مەزگىل ھەرىكەت قىلماسلىقتىن بولغان كېسەل بۇ، ئەمدى ۋاقتى ئۆتۈپتۇ. ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار...

تېۋىپ ھۆۋقۇش ئۇلارغا بىرمۇنچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، تۇرگۇن بەشەيلەننى ئەگەشتۇرۇپ جەرەن بېقىش فېرمىسىنى بىرقۇر ئايلىنىپ كۆردى. ئالدىن يوغان بىر توغراقنىڭ شېخىغا قونۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. بۇ جايدىكى جەرەنلەر تەييار ئوت - چۆپلەرنى يەپ، تەييار سۇنى ئىچىپ ئۆگىنىپ كەتكەچكە، بىر - بىرىدىن بىغەم كۆرۈنەتتى. نۇرغۇن جەرەنلەر قورسىقى تويغانلىقتىن يېتىپ كۆشمەكتە ئىدى. ئۆرە تۇرغانلىرىمۇ ئاندا - ساندا ھەرىكەت قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن جىم تۇرۇشاتتى. پەقەت بىرنەچچە جەرەن موزىيلا قىيغىتىپ چېپىپ يۈرۈشەتتى.

— مېنىڭچە، ئاشۇ كۆشەپ ياتقان جەرەنلەرمۇ كېيىنچە ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالىدۇ، — دېدى تېۋىپ ھۆۋقۇش نېمىنىدۇر كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى تۇيغۇن.



www.uyghurkitap.com

— چۈنكى، جەرەن دېگەن كۈندە يۈگۈرۈپ تۇرمى-سا بولمايدۇ، قانچە كۆپ يۈگۈرۈپ، سەكرەپ بەرسە ئۇلار شۇنچە تېمەن، شۇنچە چەبدەس بولۇپ كېتىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە تەييارغا ھەييار بولۇپ كۆشەپ ياتى-ۋەرسە پالەچ بولماي نېمە بولاتتى...

ئاندىن ئۇلار پەستە قېرى بىر جەرەننىڭ تۇرغانلى-قىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن قېشى-غا چۈشتى. قېرى جەرەن تېۋىپ ھۆۋقۇشنى كۆرۈپلا تونۇدى-دە:

— ۋوي - ۋوي، تېۋىپ ئۇستام، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟ ئەجەب بۇ ياققا قەدەملىرىڭىز يېتىپ قاپتۇغۇ، — دېدى خۇش بولغىنىدىن.

تېۋىپ ھۆۋقۇش كېلىش سەۋەبىنى ئېيتقانىدى، قېرى جەرەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ھەي، نېمىسىنى دەيسىز، ھازىرقى بۇ ياشلار بارغانچە ھۇرۇنلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. يەپ - ئىچىپلا يېتىشقان. يە ئادەمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىشمى-غان، — دېدى. ئاندىن بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاۋۇ كۈنى نەۋرەمگە يولۋاسنىڭ گېپىنى دېسەم، «يولۋاس دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟» دەيدۇ. شۇنچە سۆزلەپ چۈشەندۈر-سەممۇ، مىتمۇ قىلىپ قويماي چېكەتكىدەك قاراپلا تۇ-رىدۇ. ھەي، يولۋاس، بۆرە دېگەنلەرنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقماي چوڭ بولغان باللاردا ھوشيارلىق نې-مىش قىلسۇن. يەنىلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يەتمەيدۇ —

www.uyghurkitap.com

دە. ئۇ چاغلاردا قاراڭلار، ئوچۇقچىلىق ئايدالالاردا يې-
رۈپ، چۆپنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئىچىپ
ئىچەتتۇق. بۆرە، يولۋاس دېگەنلەر داۋاملىق قوغلاپ
تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھىدىنى يىراقتىنلا ھىدلاپ بىر قا-
چىدىغان بولساق بىرەر سائەتچە يۈگۈرۈپمۇ ھارمايت-
تۇق. ھەر كەڭ ئېقىنلاردىن، ھەر ئېگىز تاشلاردىن
بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتەتتۇق. كۆشەندىلىرىمىزنى
ھەرگىز يەتكۈزمەيتتۇق. شۇنداق يۈگۈرۈپ، سەكرەپ
باقمىغىنىمىغا تالاي ـ تالاي زامانلار بولۇپ كەتتى. مانا
ئەمدى ئاۋۇ ياققا كىرىپ ئوتلايلى دېسەك دېھقانچىلىق
مەيدانى، قاشالاپ كىرگۈزمەيدۇ. قاچايلى دېسەك، يول-
ۋاس، بۆرىلەر تۈگۈل، قوغلىغۇدەك تۈلكە، سۆلەيسۈن
دېگەنلەرمۇ يوق. ھېچقايسىسى بىزنى بېقىۋاتقان ئىگى-
لىرىمىزدىن قورقۇپ يېقىن كېلىشەلمەيدۇ. ھەي، مۇ-
شۇنداق كېتىۋەرسە، باللىرىمىزنىڭ كېيىنلىكى نېمە-
مۇ بوپ كېتەر...

قېرى جەرەن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە غەمگە
پاتقىنىچە ئويچان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى.

— ئۇنداقتا سىز بۇ يەرگە قانداق كىرىپ
قالغان؟ — سوراپ قالدى ئايچەش.

— ھە، نېمىسىنى دەيسىلەر، گەپ يەنە شۇ ئۆزد-
مىزدە، — دېدى قېرى جەرەن يەنە ئۇھ تارتىپ
قويۇپ، — بىز جەرەنلەر يورۇقلۇققا ئامراق كېلىد-
كەنمىز. ئادەملەر بىزنىڭ بۇ مىجەزىمىزنى بىلىۋېلىپ
كېچىسى ماشىنا بىلەن كېلىدۇ ـ دە، ماشىنىنىڭ

چىرىغىنى يېقىپ قويۇپ ئۆزلىرى جىم تۇرۇۋالدۇ. بىز نۇرغا ئىنتىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېرىدىكەنمىز. مەن مانا مۇشۇنداق تۇتۇلۇپ قالغان.

ئۇلار قېرى جەرەن بىلەن خوشلىشىپ، تېۋىپ ھۇۋقۇشنىڭ تۇرار جايىغا قايتىشتى.

— بايىقى قېرى جەرەننىڭ گېپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، — تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان بىر كۈچ بولغىنى ياخشىكەن، بولمىسا ھەممىسى بىخۇدلىشىپ، ئاقىۋەتتە ھالاكەتكە يۈزلىنىدىكەن. ئۆتكەندە ئاۋۇ توغراقلىقتىكى قويلاردا دېۋەڭلىك كېسىلى كۆرۈلۈپ بارغانىدىم. بىر قېرى قوچقارنىڭ دېيىشىچە، قويلارنى پات - پات بۆرە قوغلاپ تۇرمىسا، دېۋەڭلىشىپ، قوتۇر بېسىپ، مېڭىسى يىگلەپ، ھەر خىل كېسەللەرگە دۇچار بولارمىش. شۇنىڭغا قارىغاندا، تارىم ۋادىسىدا يەنە يولۋاس پەيدا بولۇپ قالغان بولسىچۇ دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن. شۇنىڭدا مۇنچىۋالا كېسەللىك يامراپمۇ كەتمەس ئىدى.

— بىراق، دەرسلىكتىن ئوقۇشىمىزچە، ھازىر شىنجاڭ يولۋىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇدەك، — دېدى تۇيغۇن گەپكە ئارىلىشىپ.

— پەقەت شۋېتسىيە دېگەن دۆلەتتىكى بىر مۇزېيدىلا شىنجاڭ يولۋىسىنىڭ تېرىسى ساقلىنىۋېتىپتۇ، — دېدى زۇمرەتمۇ ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى دەۋىلىشقا ئالدىراپ.

ئۇلار تېۋىپ ھۇۋقۇشنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ قو-
نۇشتى. بۇ چاغدا تۇرگۇن بىر چاغلاردا دادىسى سۆزلەپ
بەرگەن ئۆردەك بوۋىسىنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشقانلىقى
ھەققىدىكى ھېكايىنى ئەسلەپ قالدى-دە، كۆڭلىدىن غە-
لىتە بىر ئوي كېچىپ:

— تېۋىپ ئۇستام، بىز سىزنى شىنجاڭ يولۋىسى
بار چاغقا ئاپىرىپ كەلسەك قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

— بولىدىلا، خىيالىي گەپلەرنى قويۇپ، ئەمەلىي
ئىشقا تۇتۇش قىلايلى، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇلار-
نى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ.

— تۇرگۇن راست دەۋاتىدۇ، — دېدى تۇيغۇنمۇ
تۇرگۇننىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ.

تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇلارنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇر-
غان كۆزلىرىگە بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىختىيار-
سىز كۈلۈپ كەتتى-دە، بېشىنى چايقىغىنىچە:

— ھەي، بالىلىق دېگەنزە ئاجايىپ گۈزەل چاغدە.
مەنمۇ سىلەرچىلىك مەزگىلىمدە ئاجايىپ گۈزەل خىيال-
لارنى قىلىپلا يۈرەتتىم، — دېدى.

— تېۋىپ ئۇستام، بىزگە راستتىنلا ئىشەنمەيۋاتى-
سىز ـ ھە؟ ئۇنداق بولسا كۆزىڭىزنى بىر يۇمۇپ بېقىڭ-
چۇ، — دېدى ئايچەش.

تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇلارنى قانداق ئويۇن ئويناۋاتىدىكىن
دەپ كۆزىنى يۇمدى.

— ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى ئايچە-
چەك.

تېۋىپ ھۆۋقۇش كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزلىرىنىڭ باش-قىلا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم بۇ باللاردا ئاجايىپ بىر سېھرىي كارامەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇلارغا ئەيمىنىش ئېچىدە قارىدى.

ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئالدىدىكى كۆنچى دەريا-سى بويىغا بېرىپ قېلىشقانىدى. ئەتراپ قېلىن يۇلغۇن-لۇق، قومۇشلۇق، توغراقلىقلار بىلەن پۈركەنگەن، يېقىنلا بىر جايدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، بۇغا موزايلىرىنىڭ مەرەشلە-رى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تېۋىپ ھۆۋقۇش ئەتراپقا قىزىقسىنىپ قاراۋېتىپ تۇيۇقسىزلا قومۇشلۇق ئارىسىدا بىر يولۋاسنىڭ ماراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، قورققىنىدىن:

— ۋاي، يولۋاس، يولۋاس! تېز قېچىڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

شۇئان ھەممەيلەن ئۈركۈشۈپ پالاقلىشىپ ئۇچۇش-قىنىچە ئېگىز بىر توغراق ئۈستىگە چىقىپ قونۇۋېلىش-تى. ئاندىن يەنە ئۇ يولۋاس تۇرغان جايغا قاراشتى. راسا كۈچىگە تولغان يوغان بىر ئەركەك يولۋاس قومۇشلۇق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ، نېرىدىكى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر ياۋا توڭگۇزنى كۆزد-تىپ ياتاتتى. قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر چىشى يولۋاسنىڭ ئەتراپىدا ئىككى ئەينۈك بىر - بىرى بىلەن چىشلىشىپ ئوينىشىۋاتاتتى.

ياۋا توڭگۇز يېقىنراق كېلىشىگە ئەركەك يولۋاس مۆكۇنۇپ ياتقان يېرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، ياۋا توڭگۇزنىڭ كانىيىدىن ئالدى. ياۋا توڭگۇز بىر دەم تىركىشىپ تېپىرلىغاندىن كېيىن، ئاخىر جان بەردى. بۇ چاغدا چىشى يولۋاس بىلەن ئەينۇكلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى-دە، ياۋا توڭگۇزنى بىر - بىرى بىلەن قىزغىنىشىپ مەززە قىلىپ يېگىلى تۇردى.

ئۇلار بىردەم بۇنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، تۇرگۇن:

— ئەمدى ئاۋۇ ياقىا بېرىپ باقامدۇق، — دېدى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىنى كۆرسىتىپ. بىراق، بۇ بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرىكى ئىش بولغاچقا، تۇرگۇنلەرنىڭ مەھەللىسى ۋە ئۆيىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— پاھ، پاھ، بۇ جايدا يولۋاس ھەقىقەتەن كۆپكەن جۇمۇ! — دەۋەتتى تېۋىپ ھۇۋقۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ.

ئۇلار ئەتراپىنى قومۇش، يۇلغۇن، جىگدىلەر ئوراپ تۇرغان بىر قوشاما ئۆي بويىدىكى توغراقىا بېرىپ قونۇشتى.

— قاراڭلار، قاراڭلار، يەپ كېتىدىغان بولدى! — دەپ ئەنسىز ۋارقىراپ كەتتى يەنە تېۋىپ ھۇۋقۇش.

تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىغاندى، قومۇشلۇق ئارىسىغا مۆكۇنۇپ ياتقان بىر



www.uyghurkitap.com

يولۋاسنىڭ كۆل بويىدىن ئۇجۇل يىغىۋاتقان بىر مومايغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

— ئاپلا، يەۋىتىدىغان بولدى! — دەپ ئەنسىز چىرقىراپ كەتتى زۇمرەت.

دەل شۇ چاغدا كۆلنىڭ نېرىسىدا ئۇجۇل يىغىۋاتقان بىر يىگىت ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى-دە، چاپىنىنى پۇ-لاڭلىتىپ يولۋاسنىڭ ئالدىنى توستى. يولۋاس ئۇنىڭغا بىردەم خىرىس قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا كەينى-گە يېنىپ كېتىپ قالدى.

— ئۆردەك بوۋامغۇ بۇ! — دەۋەتتى تۇرگۇن خۇش بولغىنىدىن كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي.

— ياپياشلا يىگىتنى بوۋام دېسەڭ كىم ئىشى-نىدۇ، — دېدى تۇيغۇن.

— بۇ دېگەن ئۇنىڭ ياش ۋاقتى تۇرسا، ئىشقىلىپ ئۇ مېنىڭ بوۋام بولغاندىكىن بوۋام دەيمەندە.

— ئۆردەك بوۋام بىلەن بىردەم پاراڭلىشايلى-چۇ، — دېدى ئايچەشمۇ بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى غەنىي-مەت بىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەبىي باللارغا ئايلىنىپ، ئۆردەكنىڭ قېشىغا باردى. بايىقى موماي ئۆردەكنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئىككىسى ئۇجۇل تالقىنى تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن كۆل بويىدىكى يېكەنلىككە كەل-گەنىكەن. ئۇلار ئۆردەك ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆردەكتىن يول-ۋاسلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىشتى.

— يولۋاس دېگەنغۇ بەك كۈچلۈك نىمە، — دەپ سۆز باشلىدى ئۆردەك، — بىراق ئۇنىڭمۇ كۆشەندىسى بار. ئۇ ھەر يوغان ھايۋانلاردىن قورقمىغىنى بىلەن، كىچىككىنە چۈمۈلىدىن بەك قورقىدۇ، — بۇ گەپكە ھەممەيلەننىڭ قىزىقىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئۆردەك بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىپ سۆزلىگە-لى تۇردى، — بۇلتۇر يازدا بىر چىشى يولۋاسنىڭ يېڭىلا تۇغۇلۇپ تېخى قۇرىمىغان ئەينۈكلىرىگە چۈمۈلە-لەرنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. چۈمۈ-لىلەر بىچارە يولۋاسنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇنىڭ ئىككى ئەينۈكىنى يەۋەتتى. يىلدا چۈمۈلىلەرنىڭ بۇنداق ئەي-نۈكلەردىن نەچچىنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى كىم بىلە-دۇ. ئىشقىلىپ، يولۋاسنىڭمۇ قورقىدىغان نىمىسى بار.

ئۆردەك ئاندىن يەنە دادىسىنىڭ يولۋاسلار بىلەن نەچچە قېتىم ئېلىشقانلىقىنى، ھەقىقىي ئەركەك بولۇش ئۈچۈن ئۆمرىدە چوقۇم بىر - ئىككى قېتىم يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ بېقىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

ئۇلار ئۆردەك بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، يەنە ھۇۋقۇشقا ئايلىنىپ، تېۋىپ ھۇۋقۇشنىڭ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىشتى. ئەمما، تېۋىپ ھۇۋ-قۇشنىڭ كۆز ئالدىدا يەنىلا يۈز يىللار ئالدىدىكى ئاشۇ مەنزىرىلەر تۇراتتى...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرىسى

— كاللامغا ئاجايىپ بىر پىكىر كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش ھاياجانلىنىپ، — سىلەردىكى مۇشۇ سېھرىي كارامەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ يولۋىسىنى دەۋرىمىزگە باشلاپ ئەكەلگىلى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

— ئەكەل دېسىڭىز ھازىرلا ئەكېلىمەن، — دېدى تۇيغۇن كارامىتىنى كۆرسىتىۋېلىشقا ئالدىراپ.

— بىراق، بۇ پەقەت گۈزەل ئارزۇدىنلا ئىبارەت، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش، — ئەمەلىيەتتە شىنجاڭ يولۋىسىنىڭ نەسلى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەن. 1979 - يىلى 2 - ئايدا ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىدە ئېچىلغان يولۋاسلارنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق يىغىندا دۇنيادىكى يولۋاسلارنىڭ ئون بىر خىل كەنجى تۈرى ئىچىدە ئۈچ تۈرىنىڭ ئاللىبۇرۇن نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىكى، شۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭ يولۋىسى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

— خىيالىي ئىش بولسىمۇ بىر ئەكېلىپ كۆرۈپ باقمامدۇق، قانداق بولىدىكىن؟ — دېدى تۇرگۇن تەكلىپ بېرىپ. بۇ ئىشقا قالغانلارمۇ قىزىقىپ قالدى.

— مېنىڭچە، شىنجاڭ يولۋىسى قايتىپ كېلىدىغان بولسا، ھايۋانلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن كېسەللىكلەر ئۈزلۈكىدىن تۈگىگەن بولاتتى. مەنمۇ نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلغان بولاتتىم، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش.

ئۇلار ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئاخىر بۇ خىيالىي

ئويۇننى بىر ئويناپ باقماقچى بولۇشتى.

— ئەمما، بۇنى ئاۋۋال پۈتكۈل ھايۋانلارنىڭ ئىنكا-
دىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى تېۋىپ ھۇۋ-
قۇش يەنە نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ، — مەن بۇنىڭ ئىل-
مىي ئاساسىنى تۈرغۈزاي، ئاندىن ھەممىمىز بىرلىكتە
تەشۋىق قىلايلى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تېۋىپ
ھۇۋقۇش بىر پارچە ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

— مەن ئاۋۋال سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ
بېقىڭلار، — دېدى تېۋىپ ھۇۋقۇش. ئاندىن دەستە-
دەستە يوپۇرماقلارغا يېزىلغان ماقالىسىنى ئېلىپ ئو-
قۇشقا باشلىدى:

«... يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۇرتىمىزدىكى ھاي-
ۋانلار ئارىسىدا خىلمۇخىل كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ،
ھاياتىمىزغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. پاڭقۇشلۇق،
مېڭىسى يىگلەش، ھورۇنلۇق، ئوپقانلىق، پالەچلىك،
سېمىزلىك، يەنە ئىسمى قويغىلىمۇ بولمايدىغان
ئاجايىپ - غارايىپ كېسەللىكلەر يامراپ، داۋالاشقا
مېدىتسىنا ئىلمىمۇ يېتىشەلمەي قالدى.

...

دۇنيادا چوقۇم بىزگە تەھدىت سېلىپ ھەر ۋاقىت
خىرىس قىلىپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولمىسا
بولمايدۇ. مۇشۇكلەر بولمىسا چاشقان يامراپ كېتىدۇ،
تۈلكە - سۈلەيسۈنلەر بولمىسا توشقان. قويلار پات-
پات بۆرە قوغلاپ تۇرمىسا، ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ يا

پاخقۇش بولۇپ قالىدۇ، يا قوتۇر بولۇپ كېتىدۇ. يول-ۋاسىنىڭ تەھلىكىسى يوقالغاندىن بېرى تەكلىماكاندىكى ياۋايى هايۋانلار بىخۇدلىشىپ كەتتى. بۇغا، جەرەنلەرمۇ بارغانچە جەگگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، بۇرۇنقىدەك يۇگۇ-رەلمەس بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كې-يىنكى ئەۋلادلىرىمىزدىن ئۇمىد كۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سىلەرگە بۇنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈ-شەندۈرمەكچىمەن. ئامېرىكىنىڭ دۆلەتلىك باغچىسىدا ئىلگىرى قىممەت باھالىق بىر خىل بۇغا بېقىلغان. بۇغىنىڭ تېز كۆپىيىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، باغ ۋە ئۇ-نىڭ ئەتراپىدىكى يولۋاس، ئېيىق، بۆرە دېگەنلەرنى قىرىپ تاشلىغۋەتكەن. نەتىجىدە بۇ خىل بۇغا تېز كۆپەي-گەن، ئەمما هوشيارلىقىنى يوقىتىپ، ئاقىۋەتتە يەپلا ياتىدىغان بولغان. ئاقىۋەتتە ئۇلار ئارىسىدا بىر خىل كېسەللىك تارقىلىپ، بۇغىلار قىرىلىشقا باشلىغان. ئەنە شۇنىڭدىلا ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىشىپ، يولۋاس، ئېيىق، بۆرە دېگەنلەرنى بۇ باغقا ئەكېلىپ قويۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇغىلار ئارد-سىدىكى بۇ خىل كېسەللىكمۇ ئاستا - ئاستا تۈگەشكە باشلىغان.

...

مەن پۇتكۈل هايۋانات ئەھلىگە شۇنى خىتاب قىلى-مەنكى، ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى، ئەمىنلىكى ھەمدە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ يولۋىسىنى ئارىمىزغا قايتۇرۇپ كېلەيلى!»

تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئاڭلاپ بول-
غاندىن كېيىن، بۇنىڭ چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسى بارلى-
قىنى ھېس قىلىشتى-دە، ئۇيغا پېتىشتى. ئاخىر ئۇلار
مەسلىھەتلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، جىمى ھايۋاناتنىڭ
ۋەكىللىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى.
بىراق، ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىدى. تېۋىپ
ھۆۋقۇش ماقالىسىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا
تۆلكە ئۆكتە قوپۇپ، شالۋاقلىرىنى چاچراتقىنىچە:
— مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ ھۆۋقۇشاخون، سىنى
خېلى تۈزۈك نېمە دېسەك، ئەسلى قوينۇڭدا پىچاق
ساقلاپ يۈرۈپتىكەنسەندە. يولۋاس دېگەن ئۇ مۇشتۇم-
زوردىن ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەن
تۇرساق، يەنە بېشىمىزغا بالا تېرىماقچىمۇسەن! — دەپ
قايناپلا كەتتى.
— ھۆۋقۇش دېگەنبىلەنغۇ ئەزەلدىن خۇشۇم يوق-
تى، — دەپ ئۇنى سۆكۈشكە باشلىدى ئىككىنچى بولۇپ
توشقان سۆز ئېلىپ، — قاچانلا بولسا شۇملۇقنى چىل-
لاپلا تۇرغان. يولۋاسنىڭ زامانىسىدا بىز نېمە كۈنلەرنى
كۆرمىدۇق - ھە! يە ئىشەنچلىك ئۆۋىمىزدىن چىقالمى-
غان، چىقساقمۇ سىرتتىا ئۇزاقراق تۇرالمىغان. مېنىڭ-
چە، بۇ ھۆۋقۇش دېگەن شۇمپەنلەرنى بۇ يۇرتتىن قوغ-
لىۋېتىش كېرەك.
— توشقاننىڭ دېگىنى توغرا! — دېدى بۇ چاغدا
بىر بۇقا غەزەپلەنگىنىدىن يەرنى تىلغاپ تۇرۇپ، —
بىزگە شۇملۇق تىلەيدىغان مۇنداق نائەھلىيلەرنى

چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ ئەرزىيدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھايۋانلار تەرەپتىن غۇلغۇلا
قىلىشىپ، ھوۋقۇشلارغا ھوممىيىشقىنىچە يوپۇرۇلۇپ
كېلىشكە باشلىدى. قۇشقاچ، كەكلىك، ھۆپۈپلەر بول-
سا ئۇچۇپ كېلىشكىنىچە ئۇلارنى چوقۇلاشقا باشلىدى.
قالغان ھايۋانلارمۇ — مۆڭگۈزلۈكلىرى ئۇسۇشكە،
مۆڭگۈزى يوقلىرى تېپىشكە، يەنە بەزىلىرى چىشلەشكە
باشلىدى. ناۋادا ئايچەش «تەپكەك باتۇر» نى ئىشقا سال-
مىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ساق قالمىغان بولاتتى.

ھايۋانلار «تەپكەك باتۇر» نىڭ زەربىسىگە بەرداش-
لىق بېرەلمەي، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتكەندىن
كېيىن، تېۋىپ ھۇۋقۇش ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى
سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— مەيلى نېمە كۆرسەك كۆردۇق، شىنجاڭ يولۋۇ-
سىنى قايتۇرۇپ كەلمىسەك بولمايدۇ، — دېدى قەتئىي-
لىك بىلەن.

تۇيغۇن ئۇستازىنىڭ كۆڭلىدىكى چۈشىنىپ،
ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا بىر توپ شىنجاڭ يولۋىسىنى
پەيدا قىلىپ قويدى.

يولۋاسلار تارىم دەرياسىنى بويلاپ ماڭغاچ شۇنچى-
لىك دەھشەت ھۇۋلىدىكى، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى لەرزى-
گە كەلدى. بەخىرامان يېتىشقان بۇغا، جەرەن، قوي،
كالا، ئات، ئېشەكلەر بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ
ئورۇنلىرىدىن چاپچىپ تۇرۇشۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، پۇشقۇرۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇچار قۇشلارنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە سەگەكلىشىپ تېتىكلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھايۋانات دۇنياسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

قىسقىسى، يولۋاسنىڭ كۆچلۈك نەرسىنى ئاڭلاپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقان توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، قومۇشلۇق، ھەتتا قۇم بارخانلىرىمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشكەندى...

## قارغىش تەگكەنلەر

ئۇلار پايانسىز قۇملۇقتا ماڭە - ماڭە ئاخىر ھېرىپ قالدى ۋە بىر بارخان تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى.

— تۇرگۇن ئاكا، ئىسسىقتا مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ كاۋاپ بولۇپ قالمايلى يەنە، — دېدى زۇمرەت قۇملۇقتىن ھۇپ - ھۇپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئىسسىق دەستىدىن ۋايساپ.

— مۇنچىلىك ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەيمىز جۇمۇڭ، — دېدى تۇرگۇن ئىسسىقتىن چىپ - چىپ تەرلەپ تۇرسىمۇ يەنىلا پېتىدىن چۇشمەي، — سىز كەسلەنچۈكنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

— ھەئە، تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ باققان.

— ئاشۇ كەسلەنچۈكچۇ قاراڭ، دەسسىسە تاپان كۆيۈدىغان قۇملۇقتىمۇ ئايلاپ تۇرۇپ ھېچنېمە بولمايدۇ.

— كەسلەنچۈك بىلەن بىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىمىز؟— ئەجەبلىنىپ گەپكە قوشۇق سالدى تۇيغۇن.

— ئادەممۇ چېنىقىپ بەرسە، ئاشۇ كەسلەنچۈكتەك ئىسسىقتىن قورقماس بولىدۇ.

تۇرگۇننىڭ بۇ گېپى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئاغزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

تۇۋاقلىنىپ جىم بولۇپ قىلىشتى.

ئايچەچەك تۇيۇقسىز ئالدىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ تۇۋىدە تال ـ تال يېرىلىپ كەتكەن ياغاچنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاۋۇنىڭغا قاراڭلارچۇ، ئۇ يەردە بىرنەرسە باردەكلا كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئايچەچەك ئىختىيارسىزلا.

ھەممەيلەن ئۇ كۆرسەتكەن جايغا قاراپ توغرا بالداقلىق بىر ياغاچنىڭ قۇمدىن قىيا چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

— نېمىدۇ ـ ھە؟ بىرەر پادىشاھنىڭ خەزىنىسى كۆمۈلگەن جايمۇ، كىم بىلىدۇ، — تۇيغۇن شۇنداق دېگەچ بېرىپ قۇمنى سىيرىپ چۇشۇرۇپ ئېچىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە قالغانلارمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. قۇمنى خېلى سىيرىپ چۇشۇرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر بۇنىڭ بىر ياغاچ ئىشىك ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

— بۇ بىرەر ئۆينىڭ ئىشىكى ئوخشايدۇ، — دېدى ئايچەش.

— ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ ياكى بىرەر سىرلىق ئوردىنىڭ ئىشىكىمۇ ئاۋۋال ئېچىپ كۆرۈپ بىرنېمە دېمەدۇق، — دېدى تۇيغۇن.

ئۇلار قۇمنى خېلى چوڭقۇر كولاپ ئاخىر ئىشىكنى ئاچتى.

ئايھاي، قۇم بارخىنىنىڭ ئاستىدا راستىنلا كاتتا بىر ئۆي باركەن ئەمەسمۇ!

بىراق، ئۆي ئىچى ئۇلارغا غەلىتىلا تۇيۇلدى. ئۆي ئىچىدىكى گىلەم، شىرە، ئوپۇق، شامدانلارنىڭ ھەممىسىنىلا قۇم ـ توپا بېسىپ كەتكەن، تاختۇشقا تىزىپ قويۇلغان ھېجىر ـ كومزەكلەرمۇ خۇددى لاي سۇركەپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. بۆشۈكتە بىر بوۋاق تاتلىققىنە ئۇخلاۋاتاتتى. قىزىق يېرى، بوۋاقنىڭ يۆشۈلداپ ئۇخلىشى بولمىغاندا ئۇنىمۇ لايدىن ياساپ قويغان قورچاقمىكىن دەپ قالاتتى كىشى. ئۆي ئىچىدە بوۋاقتىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى... ئۇلار ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر ئىشىكنى ئېچىۋېدى، ئازادە بىر ھويلا ۋە ھويلىنىڭ نېرىسىدا مېۋىلىك بىر باغ كۆرۈندى. بىراق، ھويلىدىكى جىمى نەرسىلەر ھەمىدە باغدىكى جىمى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار ئۇزاق مەزگىل توپا ياغقاندەك تولىمۇ يېقىمسىز، توپا رەڭلا كۆرۈندى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا نە بىرەر يېشىللىق، گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىدە نە بىرەر قىزىللىق كۆرۈنمەيتتى. يوللارمۇ، تاملارمۇ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىمۇ ساپلا توپا رەڭگىدە ئىدى. باغدىكى بىر دەرەخكە قونۇۋالغان بىرنەچچە قۇشمۇ توپا رەڭ بولغاچقا، زادى نېمە قۇش ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلگىلى بولمىدى. تۇرگۇن تۇيۇقسىز بۇ جاينىڭ ئاسمىنىنىڭمۇ توپا رەڭگىدە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى ـ دە:

— ۋايتوۋا، ئاسمىنىدىمۇ توپا يېغىپلا تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ بۇ يەرنىڭ، — دەۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ھەيران بولۇشقىنىچە ھويلىدىكى بىر دەرۋا-
زىنى ئېچىپ چوڭ كوچىغا چىقتى. مۇنۇ كارامەتنى
كۆرۈڭ، بۇ جاينىڭ ئادەملىرىمۇ توپا چىراي ئىكەن
ئەمەسمۇ؟ ئۇستۇېشىدىن پۇر - پۇر توپا تۆكۈلۈپ تۇر-
غان، بىر - بىرىدىن ئۆتە مۇز چىراي، بىر - بىرىگە
قاراشلىرىدىنمۇ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىكەن. تۇرگۇن
تۇيۇقسىز يۈزى سۇسىراپ كەتكەن يەردەك چاك - چاك
يېرىلغان بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە خۇددى ئاچ قالغان
بۆرىدەك ۋەھشىيلەرچە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قال-
دى-دە، ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— يۇرۇڭلار، تېز ماڭايلى، ئاۋۇ كىشى بىزگە
يامان غەرەز بىلەن قاراۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ شۇڭا ئاستا
شىۋىرلاپ.

ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ كۆزىگىمۇ قاراشتىن ئەيمىنىپ
ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىشتى. كوچىلارنى ئايلانغانچە ئۇلار-
نىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشقىلى تۇردى. بۇ جاينىڭ
كۆللىرىدىمۇ ساپلا لاي سۇ، يەنە ئات - ئېشەك، ئۆر-
دەك - غاز، ئىت - مۇشۇكلىرىمۇ ساپلا توپا رەڭدە
بولغاچقا، بەزىدە ئۇلارنى بايقىغىلىمۇ بولماي
قالىدىكەن.

ئۇلار بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئايلىنىشىغىلا
كىشىلەرنىڭ پاتىپاراق بولۇپ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ قېلىشتى. كوچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىن تامدەك
بەستلىك بىر كىشى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى قام-
چىلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كىشلەر ئۇيۇر -

توپۇر بولۇشۇپ، قامچىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن باشلىرىنى چاڭگاللىشىپ ھەرقاياقلارغا قېچىشاتتى. خورجۇن كۆتۈرۈۋالغان بىر بوۋاي «قاچىمەن» دەپ پۇتلىشىپ كېتىپ دۈملا چۈشتى-دە، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ قېنىمۇ لاي سۇ رەڭگىدە ئىدى... ئاتلىق ئۆكتەم كىشى بالا كۆتۈرۈۋال-غان بىر ئايالنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئايال نەچچە قەدەم نېرىغا قاڭقىپ كەتتى. بالىسى قولىدىن ئاجراپ تامغا سوقۇلدى-دە، قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ باش - كۆزلىرى قامچا زەربىدىن يې-رىلىپ كەتتى. ئۆكتەم كىشى بولسا غالىبلارچە قاقاق-لاپ كۈلۈپ، كىشىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرماقتا ئىدى.

ئايچەش بۇ ناھەقچىلىككە زادىلا چىداپ تۇرالمى-دى-دە، ئىختىيارسىزلا خاسىيەتلىك ئۆتۈكىگە: «تەپ-كەك باتۇر!» دەپ پىچىرلىدى. شۇئان «تەپكەك باتۇر» ئوقتەك ئۇچۇپ بېرىپ ھېلىقى ئۆكتەمنى ۋاسىلدىتىپ راسا تەپكىلى تۇردى. بۇنىڭدىن مەڭدەپ كەتكەن ئۆكتەم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. «تەپكەك باتۇر» ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق تەپكىلى تۇرغانىدى، ئاخىر ئۇ تەڭ كېلەلمەي يەنە بىر كوچىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى.

كوچىدىكى پاتىپاراقچىلىق تىنچىغاندىن كېيىن، تۇرگۈن ئاغزى - بۇرنى قاناپ كەتكەن ھېلىقى بوۋايدىن سورىدى:

— بوۋا، سىلەر شۇنچىۋالا كۆپ تۇرۇپ، ئاشۇ بىر

ئۆكتەمگە بوزەك بولساڭلار قانداق بولغىنى؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز سىڭلىم؟ ئۇ دېگەن مۇشۇ مەھەللىنىڭ قارا باتۇرى تۇرسا، بىزنى بوزەك قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى بوۋاي ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا.

بوۋاينىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇلار ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، بوۋا، — دېدى تۇيغۇننىڭ بىر دىنلا ئىچى قايناپ، — ئۇنداق ئۆكتەملەرگە چوقۇم بىر تېتىپ قويۇش كېرەك - دە.

— باشقا يەرلىك ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى بوۋاي ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك بىلەن بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرنىچۇ قارغىش تەگكەنلەر دەپ ئاتايدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ تۇرمىسا بىز قوپۇپ ئۇلارنى بوزەك قىلىمىز. كۈندە تاياق يەپ تۇرمىساق ياكى بىرەرسىنى ئۇرۇپ تۇرمىساق بەدىنىمىز قىچىشقاندەك بولۇپ تۇرالماي قالىمىز.

بوۋاينىڭ بۇ غەلىتە گەپلىرىنى ئاڭلىشىپ ئۇلار تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى.

— مېنىڭ سىلەردەك مۇنداق خاسىيەتلىك ئۆتۈكۈم بولغان بولسىزە، — دېدى بوۋاي خۇرجىنىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ، — كۈندە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئۇرۇپ، بىر كۈندىلا مۇشۇ يەرنىڭ قارا باتۇرى بولۇۋالاتتىم.

بوۋاي كېتىۋېتىپ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېدى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋايتوۋا، مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن، ھە؟— دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئايچەش.

ئۇلار كوچىنى ئارىلاپ ماڭغانىدى، ھەممىلا كىشى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراشقىلى تۇردى.

— ئەمدى مەھەللىمىزنى مۇشۇلار سورايدىغان بولدى.

— قارىسا كىچىكلا بالىلاركەن، ھېلىقى تۇر دېگەن ئۆكتەمنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىۋەتتى دېگىنە.

— چوڭ بولسا قانچىلىك يامان بولۇپ كېتەر - ھە؟

كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسىتىشىپ پىچىرلاشماقتا ئىدى.

— ھەي، ھەي، قىزچاق،— دېدى كۈچتۈڭگۈر بىر ئەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ،— خاسىيەتلىك ئۆتۈ-كۈڭ بىلەن مېنىمۇ بىر سۈر - توقاي قىلىپ باقساڭ بولاتتى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دەۋەتتى ئايچەش خاپا بولغىنىدىن،— بىكارغىلا ئادەم ئۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟

— ماۋۇ ئەخمەقلىقنى كۆرۈڭلار، شۇنداق يامان نېمىسى تۇرۇپ ئادەم ئۇرمايمەن دېگىنىنى، — ئۇ كىشى ئايچەشنى راستىنلا ئەخمەق چاغلاپ قالغانىدى،— ئىشلەتمىسەڭ ماڭا بېرىۋەتكىنچۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپ بىلەن كوچىدىكىلەر ئۇلارنى كۆرسىتىشىپ نىمىلەرنىدۇر دەپ كۇلۇشكىلى تۇردى.

— نىمانداق بىزەڭ خەق بۇ! يۇرۇڭلارچۇ، ئىتتىك كىتەيلى، — دىدى ئايچەش ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك كۇلۇشلىرىدىن بىزار بولۇپ.

ئۇلار باشقا بىر كوچىغا كىرىپ يەنە بىر غەلىتە ئىشقا دۇچ كەلدى. بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسىدىن ئىككى ئەر — قىرى بىر مومايىنى دۆشكەللىگىنىچە قوغلاپ چىقىپ كەلدى.

— قاچانغىچە باقىمىز سەن قىرى دەللىنى، يوقال! ئۆلۇكوڭنىمۇ كۆرسەتمە، هۇ كىسەل كۆرپىسى!

ئىككى ئەر مومايىنى دەرۋازىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، دەرۋازىنى تاقىشىپ، غۇدۇرۇشقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كىتىشتى. موماي بولسا سەنتۇرۇلگىنىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىقىلىپ چۇشتى.

تۇرگۇن بەشەيلەن مومايغا ئىچ ئاغرىتىپ يۆلەپ تۇرغۇزغانىدى، موماي ئاچچىقلاپ:

— يوقىلىڭىلار، سەن خەققە هاجەتمەن ئەمەسمەن! — دەپ چالۋاقاپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ تۇرگۇن يەنىلا ئىغىر ـ بىسىق بولۇپ مومايدىن سورىدى:

— موما، ئۇلار سىزنىڭ نىمىڭىز؟

— شۇنىمۇ سورىغان بارمۇ؟ باللىرىم بولمامدۇ!

— قىرىغىنىڭىزدا سىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنىگە قارىغاندا، باللىرىڭىزنىڭ كۆيۇمـى يوقكەن، — دىدى ئايچەش مومايىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ.

— بۇ يەرلىك ئەمەسكەنسىلەردە، — دېدى موماي ئۇلارغا بىردىنلا گۇمان بىلەن قاراپ، — بىزنىڭ بۇ يەردىچۇ، قاراڭ، ئاتا ـ ئانىسى قېرىپ كەتكەندە مۇ. شۇنداق ئۆيدىن قوغلىنۋېتىدۇ. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار.

— ئەمدى نەدە تۇرىسىز؟ — سورىدى زۇمرەت.

— كوچىدا سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان گەپ. بۇلارنى سوراپ نېمە قىلىشماقچىدىڭ، ئوت قۇيرۇقلار. مەندە ئېلىشىڭ بارمىتى ـ يە؟!

مومايىنىڭ ئۆزلىرىگە خۇددى كۇرۇك توخۇدەك ھۇرپىيىشلىرىدىن ئۇلار ئاخىر ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يول بويى ئۇلار ئاغرىق دەستىدىن ئىڭ. راپ ياتقان يەنە بىر بوۋايىنىمۇ ئۇچراتتى. ئۇنىمۇ بالى. لىرى «تولا ئاغرىپ بىزگە جاپا سالدىڭ!» دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنىكەن. تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇنىڭ. دىن بالىلىرىنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى قوغلاپ چىقىرىۋەت. كەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇ بوۋايمۇ خۇددى بايىقى مو. مايدەكلا جاۋاب بەردى:

— ئادەم قېرىغاندىكىن، بالىلىرىنىڭ ئۆيدىن قوغ. لاپ چىقىرىۋېتىشى تۇرغان گەپ ـ دە. شۇنىمۇ سورد. غان بارمۇ؟

بالىلار بۇ بوۋاي بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. بىلدىكى، بۇ شەھەردە كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىنساپ ـ دىيانەت دېگەنلەر ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىكەن. ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قولىنى

www.uyghurkitap.com

سۇنمايدىكەن ھەم ئېچمۇ ئاغرىتمايدىكەن، ھەممە ئادەم پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىڭ غېمىدىلا ياشايدىكەن. چوڭلار كىچىكلەرنىڭ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ نىسۋىسىنى خالىغىنىچە تارتىۋالىدىكەن. نومۇس - ھايا دېگەنمۇ ئاللىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئاتىسى بالىسىنى، بالىسى ئاتىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ راۋا كۆرۈۋېرىدىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەردىكىلەرنى باشقا يەردىكىلەر «قارغىش تەگكەنلەر» دەپ ئاتىشىدىكەن. ھەممىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغىنى، بۇ يەردىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ نامىدىن نومۇس قىلىش ئەمەس، «بىز دېگەنچۇ، قارغىش تەگكەنلەرنىڭ ئەۋلادى جۇمۇ!» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ پەخىرلىنىش ھېس قىلىدىكەن.

— ئەمما، بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئاسمىنى كۆپكۆك، زېمىنى ياپيېشىل، سۇلىرى سۇپسۈزۈك ئىكەندۇق. كېيىن ئادەملىرى بەك ئەسكىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خۇدايىمىزنىڭ قارغىشىغا كېتىپ توپىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇدەك...

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار بوۋايغا: «بىز بىلەن كېتىڭ، سىزنى ئۆز بوۋىمىزدەك كۆرۈپ باقىمىز!» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بوۋاي: «ئۆلۈكۈمنى قاغا - قۇزغۇنلار يەپ كەتسە رازىمەنكى، سەندەك يالغانچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمايمەن. يوقىلىش!» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئۇلار ئامالسىز

بوۋاينى ئۆز مەيلىگە قالدۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇردى.
بۇ قېتىم ئۇلارغا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئىش ئۇچرىدى.
ئۇلار مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر دۆڭ بويىغا كېلىشىگە بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالنى ئۇچراتتى. ئۇ ئايال يۆگەككە ئورالغان بوۋاقنى دۆڭ تۈۋىدىكى بىر ئازگالغا قويۇپ قويدى-دە، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى. تۇرگۇن بەشەيلەن بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ دەرھال ئازگال بويىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە، بوۋاقنى قولىغا ئالدى. بوۋاق شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بىراق، بوۋاقنىڭ ئىككى قولى يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئاڭغىچە زۇمرەت بوۋاقنى تاشلاپ كەتكەن ئايالنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى:
— ھوي، ئاچا، توختاڭە!
ئۇ ئايال مېڭىشتىن توختاپ ئۇلارغا خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن يېقىمسىز قارىدى.
— ھە، نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ئەرلەردەك «تورۇڭ - تورۇڭ» ئاۋازدا.
— بۇ بوۋاقنى نېمىشقا تاشلاپ كېتىسىز؟
— كىم ئۇنى ئەيىبناق تۇغۇلسۇن دەپتۇ. چولاق بولغاندىكىن تاشلىۋېتىمەندە، — دېدى ئۇ ئايال پەرۋاسىزلارچە.
— ئۆز بالىڭىز تۇرۇپ ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟
— نەدىن كەلگەن بۇدۇشقاقلار بۇ، — دېدى ئايال

بىردىنلا خاپا بولۇپ، — بىزنىڭ بۇ يەردىچۇ، بوۋاقلىرىمىزنى باققۇمىز كەلسە باقىمىز، باققۇمىز كەلمىسە مەھەللە سىرتىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتسەك بولىۋېرىدۇ. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

— ياق، ياق. بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق... — تۇيغۇن ئۇ ئايالغا بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرمەكچى بولغانىدى، ئۇ ئايال:

— نەدىن ئۇنگەن شۇمبۇيلار بۇ، خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ. شۇمەكتەك تۇرۇشۇپ ئادەمگە تەربىيە ئىشلەپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، بۇ ھارام تاماقلارنىڭ... — دەپ ۋالاقلىغىنىچە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ئايچەش بوۋاقنى كۆتۈرگىنىچە ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى. تۇرگۇن ئۆزىنى بېسىۋالمىغان بولسا، مۇنداق رەھىمسىز ئانىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بارغىنىچە نەچچە شاپىلاق سېلىۋەتكەنمۇ بولاتتى. بىراق، بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ بولۇشى مۇشۇ تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

— ئەمدى بۇ بوۋاقنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئايچەش قۇچىقىدا دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان مېيىپ بوۋاققا قارىغىنىچە بېشى قېتىپ.

— ئىشقىلىپ، ئۇنى تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ، — دېدى ئايچەچەك نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ.

ئۇلار بوۋاقنى ئېلىپ دۆڭ ئۈستىگە چىقىشتى، ئاندىن قارغىش تەگكۈرلەرنىڭ بۇ شەھىرىگە بىرقۇر

نەزەر سالدى. ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بۇ شەھەر ئۇلارغا ھەقىقەتەن تولىمۇ سۆرۈن، يېقىمسىز تۇيۇلدى. ئاسماندىن يېغىپ تۇرغان توپا پۈتكۈل شەھەرنى خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك خۇنۇك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھەممىلا يەر، ھەممىلا نەرسە توپا رەڭ بولغاچقا، قەيىرى تاغ، قەيىرى باغ، قايسىسى جانلىق، قايسىسى جانسىز دەماللىققا پەرق ئەتكىلىمۇ بولمايتتى. قىسقىسى، بۇ شەھەردە ھەممە نەرسە ئۆلگەن: كىشىلەرنىڭ روھى، ھاياتقا زوق بېغىشلاپ تۇرىدىغان شوخ كۈلكىلەر، مېھ-رىبانلىق بىلەن تولغان ئىللىق كۈلۈمسىرەشلەر...

— بۇ خەق راستىنلا بىزگە ئوخشاشمايدىكەن، بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتەيلى، — دېدى تۇرگۇننىڭ كۆڭ-لى بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولۇپ. بۇ گەپنى قالغان تۆتەيلەنمۇ توغرا تېپىپ، دەرھال ھېلىقى ئۆزلىرى تۇن-جى كىرگەن ئۆي ئارقىلىق قۇم ئاستىدا قالغان بۇ قارغىش تەگكۈرلەر شەھىرىدىن قۇملۇق ئۈستىگە چى-قىپ كەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ئىتتىك ئارقىسىغا قايتىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆزلىرى تۇنجى كىرگەن ھېلىقى ئۆينى ئىزدەپ ماڭدى. بىراق، ھەرقانچە ئىز-دەپمۇ زادىلا تاپالمىدى.

— بۇ يەر ئەجەب قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايچەش نېمىدىندۇر ئەنسىرىگىنىچە.

— مۇنداق توپا يېغىپ تۇرىدىغان جايغا نېمىدەپمۇ كىرگەندىمىز؟ — دېدى زۇمرەتمۇ يىغلامسىراپ.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارغا ھارۋا ھەيدىۋالغان بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىشى ئۇچراپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكوم، چوڭ دادا! — دېدى تۇرگۇن ئۇ كىشىدىن يول سورىماقچى بولۇپ.

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئۇ كىشى ئۇنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي توڭلۇق بىلەن.

— بۇ شەھەردىن قانداق چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ؟

— دەپ بەرسەم، نەچچە پۇل بېرىسىلەر؟ — دېدى ئۇ كىشى.

— يول سورىغانغىمۇ پۇل تۆلەمدىكىنە، — دەپ غودۇڭشىدى تۆيغۇن.

— قانچىلىك دېسىڭىز بېرەيلى، — دېدى تۇرگۇن ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپ.

بالىلار يېنىدىكى پۇل - پۇچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇ كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى يەنە بايىقىدەك توڭ تەلەپپۇزدا:

— بۇ شەھەرگە كىرىش بار، چىقىش يوق! — دېدى - دە، هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىپ قالدى.

— نېمانداق ئوسال ئادەم بۇ! باشتىلا شۇنداق دېسە بولمامدۇ ئادەمنى ئەخمەق ئەتكۈچە، — دېدى زۇمرەت جىلە بولغىنىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ھومىيىپ قاراپ.

— ئەمدى بىزمۇ بۇ يەردە توپا چىراي بولۇپ يۈرىدىكەنمىز دە، — دېدى ئايچەچەكمۇ غەمگە پېتىپ.

— قولىمىزدا ھەر ئىسىل ئەڭگۈشتەرلەر تۇرسا، نېمىدىن غەم قىلاتتۇق، — دېدى تۆيغۇن بىردىنلا

كۆرەڭلەپ،— قاراپ تۇرۇڭلار، ھە، ھازىرلا بۇ جايدىن چىقىپ كەتمەيدىغان بولساق.

ئاندىن ئۇ، يانچۇقىدىكى خاسىيەتلىك نوقۇتنى ئېلىپ پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. بىراق، بۇ قېتىم نوقۇت ھېچبىر كارامىتىنى كۆرسەتمەي، جىملا تۇرۇۋالدى.

«بۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ دانىشمەن قاغا رەنجىپ قالمىغاندۇ - ھە؟» دېــدى تۇيغــۇن گاڭگىرىغىنىنــدىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. تۇيغۇننىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈشۈپ، تۇرگۇن، ئايچەش، زۇمرەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭگۈشتەرلىرىنى سىناپ بېقىشتى. كۆردىكى، ئۇلارنىڭ ئەڭگۈشتەرلىرىمۇ كارغا كەلمىدى.

بۇ زادى نېمە ئىشتۇ - ھە؟ ئەمدى بۇ جايدىن قانداق چىقىپ كەتكۈلۈك؟

ئۇلار ئاخىر ھېچ ئامال تاپالماي، دانىشمەن قاغىنىڭ نامىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى. شۇئان دۆڭدە دانىشمەن قاغا پەيدا بولدى. بىراق، ئاۋۋال ئۇلارنى ئېغىز ئاچسۇن دېگەندەك لام - جىم دېمەي قاراپلا تۇراتتى.

— قاغا موما، بىزنى بۇ قارغىش تەگكۈرلەر شەھىرىدىن ئاچىقىپ كەتسىڭىز،— دېدى ئۇلار يالۋۇرۇپ.

— شۇنچىلىك ئىشقا چاقىرغانمىتىڭلار؟!— دېدى دانىشمەن قاغا بىردىنلا خاپا بولۇپ،— قاق، قاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىرراق، قىرراق؛ ياق، دېدىم ياق، بۇ دېگەن بىر سىناق!

دانىشمەن قاغا شۇنداق دېدى-دە، ئۇلارنى تاشلاپ لەپپىدىلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ يېلىنىپ تۇۋلاشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق ئۇچۇپ كۆزدىن يىتتى.

— يا ئەڭگۈشتەرلىرىمىز كارغا كەلمىسە، يا دانىشمەن قاغا ياردەم قىلمىسا، يا بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلمىسەك، قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى؟ — دېدى زۇمرەت يىغلامسىراپ.

— ئۇنىڭ بۇ دېگەن بىر سىناق دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى تۇرگۇن، — دانىشمەن قاغا ئەڭگۈشتەرلىرىمىزنى ئەتەي كارغا كەلمەس قىلىپ قويغان. ئۇ بىزنىڭ بۇ شەھەردىن زادى قانداق چىقىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىر كۆرۈپ باقماقچى.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىر چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ، بۇ شەھەردىكى كىشىلەردىن پەرقلەندۈرگۈسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىشتى...

ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي راسا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بوۋاق ئويغىنىپ كەتتى-دە، قىرقىراپ يىغلىغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇشۇپ، بوۋاقنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىشتى.

— بىچارىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئايچەش بوۋاقنى بەزلىگەچ.

— قورسىقىغا بىرنەرسە بەرسەڭ بوپتىكەن، — دېدى زۇمرەت.

بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بىرەر بۇردا نانمۇ يوق ئىدى.

— مەن يېگىلى نان تېپىپ كېلەي، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى تۇرگۇن.

تۇرگۇن بازارغا كىرىپ نۇرغۇن ئاھانەت ئىشلىتىپ، خەقلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىپ ئاران دېگەندە ئىككى نان تېپىپ قايتىپ چىقتى. بوۋاقنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، ئۇلار چايناپ بەرگەن ناننى چايناشقىمۇ ئۇلگۇرمەي يالماپ يۇتقىلى تۇردى. ئايچەچەك لاي سۇنى ئازراق سۇزۇلدۇرۇپ بەرگەنىدى، بوۋاق ئۇنىمۇ غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى. بوۋاق قورسىقى تويۇپ ۋىلىقلاپ كۈلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار ئېشىپ قالغان ناننى بۆلۈشۈپ يېيىشتى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بۇ قاقاس دۆڭنى ماكان ئېتىپ بوۋاقنى بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. تۇرگۇن، تۇيغۇنلار بازاردا ئىشلەپ يەنە پىششىق گۆش، تۇخۇم، سۇتلەرنىمۇ ئاچىقىپ بوۋاققا بېرىپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلار تالاي - تالاي تىل - ئاھانەت ئىشىتىپ، نەچچە رەت باشلىرى يېرىلغان بولسىمۇ چىدىدى. بوۋاقمۇ بېقىش تېپىپ، كۈندىن - كۈنگە چىرايى نۇرلىنىپ، تاتلىق قىلىقلىرى چىققىلى تۇردى. ئۇلارمۇ بۇ مېيىپ بوۋاققا بارغانچە ئېچىنىشىپ، قارغىش تەگكەنلەرگە بولغان بىزارلىقىنى

بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇشقان بولۇشتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە تۇيغۇن ئويغىنىپ كېتىپ ئاجايىپ بىر مۆجىزىنى كۆردى. ئاسماننىڭ باشقا جايلىرى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ دەل ئۈستىدىكى بۆلىكىدىلا يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى...

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇلار ئويغىنىپ ئاسمانغا قاراشتى. ئاخشام كۆرۈنگەن مۆجىزە راست بولۇپ چىققتى. ئۇلارنىڭ دەل ئۈستىدىكى ئاسماندىن كىچىككىنە بىر جاي ئېچىلىپ، ئۈزۈپ يۈرگەن قىزغۇچ بۇلۇتلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆپكۆك ئاسمان كۆرۈنۈپلا قالماي، ئۇلار تۇرۇۋاتقان دۆڭمۇ كۆكىرىپ، گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشتىن ئۇلار بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولۇشتى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېردىن توپا يېغىپ تۇرۇشى ئادەملىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە باغلىق ئىكەن، — دېدى تۇرگۇن.

— تۇرگۇن ئاكامنىڭ دېگىنى توغرا. ئادەملەردە پەقەت ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھىر ـ مۇھەببەت بولغاندىلا، ئاندىن دۇنيا گۈزەللىككە تولىدۇ. بۇنى مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغان، — دېدى زۇمرەتمۇ تۇرگۇننىڭ بۇ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئۇلار ئۈستىدىكى ئاسماننىڭ سوزۇلۇپ، ئۆزلىرى

تۇرۇۋاتقان دۆڭنىڭ كۆكىرىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ھىلىقى مېيىپ بوۋاقتا كۆيۈنگەنلىكىدىن دەپ چۈشىنىشتى. شۇڭا، بوۋاقتا تېخىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. دەرۋەقە، ئاز كۈن ئۆتمەيلا بۇ دۆڭ گۈزەل باغقا ئايلىنىپ، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىشقا، سۇپسۇزۇك سۇلار شىرىلداپ ئېقىشقا، قۇشلار بەس ـ بەستە سايراشقا باشلىدى. يەنە كۆپكۆك ئاسماندىن قۇياش نۇرىمۇ دەل مۇشۇ جايغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئاجايىپ ئىللىقلىق ئاتا قىلماقتا ئىدى...

بۇ ئىش پۈتكۈل شەھەردىكىلەرگە پۇر كېتىپ، قارغىش تەگكەنلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئۇلار تۇرۇۋاتقان باغنى كۆرۈشتى.

— ئۇلار تۇرۇۋاتقان جاينىڭ دەرەخلىرى نېمىشقا كۆپكۆك، بىزنىڭ نېمىشقا تۇپا؟ ئۇلارنىڭ ئاسمىنىدىن ئىللىق ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىكەنۇ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ئاسماندىن نېمىشقا داۋاملىق تۇپا يېغىپلا تۇرىدۇ؟

— قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىمۇ سۈپسۈزۈك ئىكەن!

— پاھ، پاھ، ئاۋۇ مېۋىلەرنىڭ مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەنلىكىگە قاراڭلار. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ بالىلار يالغۇز يېمەكچىمىكىنە؟

قارغىش تەگكۈرلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىچى ئاداپ، ئۇلاردىن بۇ باغنى تارتىۋالماقچى بولۇشتى. بىراق، دانىشمەن قاغا كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ ياكى باشقا بىرەر مۆجىزە يۈز بەردىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇلار باغنىڭ

ئىچىگە زادىلا كىرەلمىدى. شۇڭا، ئاخىر ئۇلار بۇ بال-
لارغا يېلىنىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىشنى سوراش-
تى.

— بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي، — دېدى تۇرگۇن ياپىيېشىل دۆڭ ئۇستىدە تۇرۇپ پەستىكى قارغىش تەگ-كۈرلەرگە غالىبلارچە گىدىيىپ قاراپ، — سىلەرنىڭ شەھىرىڭلاردا مېھىر - مۇھەببەت، ئىنساپ - دىيانەت دېگەنلەر ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنىكەن، ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قولىنى سۇنمايدىكەن. داۋاملىق بىر - بىرىڭلار-نىڭ پېيىنى قىرقىش، ئۆز مەنپەئىتىڭلار ئۈچۈن باشقى-لارغا زىيانكەشلىك قىلىش بىلەنلا كۈنۈڭلار ئۆتىدى-كەن. شۇڭا، سىلەر قارغىشقا كېتىپ، شەھىرىڭلار قۇم - توپا ئاستىدا قاپتۇ. سىلەردە قاچانكى ئاشۇ پەزى-لەتلەر ئەسلىگە كەلگەندە، ئاندىن سىلەرنىڭ ئاسمىنىڭ-لارمۇ كۆپكۆك بولۇپ، باغ - ھويلا، مەھەللىلىرىڭلار يېشىلچىلىققا تولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سىلەرمۇ خۇددى بىزدەك سۇپسۈزۈك سۇلارنى ئىچىپ، مەي بولۇپ پىش-قان ئېسىل مېۋىلەرنى يېيەلەيسىلەر...

تۇرگۇن خۇددى داڭلىق ناتىقلاردەك ئۇلارغا خېلى ئۇزاق ۋەز ئېيتتى. بۇ گەپلەرنىڭ زادى قاچانلاردا كال-لىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم يەنە شۇ دانىشمەن قاغا كارامىتىنى كۆرسىتىۋات-قاندۇ...

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە كىشىلەر «ھە» دېگەندە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. تۇرگۇن ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش

ئۇچۇن، ئىشـنى نەق مەيـدانـدىـلا باشلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— ناۋادا ئىشەنمىسەڭلار، سىلەرمۇ سىناپ كۆر-سەڭلەر بولىدۇ. مەسىلەن، ئاۋۇ ئوتتۇرا مەھەللىدىكى بىر ئۆيدىن تېخى بىر ئاي ئىلگىرى بىر قېرى موماينى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. ئەگەر شۇ موماينى قايتۇرۇپ ئەكىرسەڭ، ھالىدىن ئوبـدان خـەۋەر ئالسا، شۇلار-نىـڭ باغ - ھويلىسى چوقۇم يېشىللىققا تولىدۇ. ئۇلار-مۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش سۇپسۇزۇك سۇ ئىچەلەيدۇ.

قېرى ئانىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ھې-لىقى ئاكا - ئۇكا بۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر سىناپ باقمامدۇق دېيىشىپ، ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ راسا ئوبدان كۈتكىلى تۇردى. ئانىسىمۇ بەك جاپادا قالغانلىقتىن بالىلىرىنىڭ بۇ ئىشىدىن قەۋەت-لا خۇش بولۇپ كەتتى. دېگەندەك، بىرەر ئاي ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئاسمىنىمۇ سۈزۈلۈپ، باغ - ھويلىسى كۆكى-رىشكە باشلىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى تاش يۈرەك ئانىمۇ ئالايىتەن دۆڭگە ئىزدەپ كېلىپ:

— بالامـنى بېرىـۋەتكەن بولساڭـلار، ئۆزۈم باق-سام،— دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

مېيىپ بوۋىقىنى باغرىغا بېسىپ، ئانىلىق مېھرى-نى بېرىـپ باققانـدى، ئۇنىـڭ ئاسمىنىمۇ سۈزۈ-لۈپ، باغ - ھويلىسى كۆكەرگىلى تۇردى.

ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن، پۈتكۈل شەھەردىكى-لەر بـارا - بـارا ئۆزئـارا مېھىـر - مۇھـەببـەت،

كۆيۈمچانلىقىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى - دە، ھېچكىم تەربىيە قىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن بىر - بىرىگە قىزغىن سالام قىلىشىدىغان، بىرەرسى پېشكەللىككە ئۇچرىسا ھەممىسى تەڭ ئىچ ئاغرىتىدىغان، تەڭ ياردەم قىلىشىدىغان بولۇشتى. كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، چوڭلار كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئىشلارمۇ بارا - بارا ئادەتكە ئايلانغىلى تۇردى...

ئەنە شۇنداق قىلىپ ئاخىر پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئاسمىنى تولۇق سۈزۈلۈپ، كۈندۈزى ئىللىق ئاپتاپ سىپىلىپ تۇرىدىغان، كېچىسى ساناقسىز يۇلتۇزلار كۆز قىسىشىپ بۇ شەھەرگە ھەۋەس بىلەن قارىشىدىغان بولۇشتى. يەنە پۈتكۈل شەھەر يېشىلچىلىققا تولۇپ، مەھەللە - مەھەللىلەردە سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، قۇشلار بەس - بەستە سايرىشىپ تۇرىدىغان بولۇشتى. كىشىلەرنىڭ ئۇستۇبېشىدىكى توپا - چاڭلارمۇ يوقىلىپ، ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايى قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ، خۇشال كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق ھاياجانغا چۆمگەن بىر شائىر مۇنداق بىر شېئىر يازدى:

مېھىر - شەپقەت بولمىسا ئەلدە،
ئايلىناركەن باغلارمۇ چۆلگە.
قۇرۇپ كېتىپ سۈزۈك بۇلاقلار،
قالىمىزكەن لاي سۇلۇق كۆلگە.

مېھىر - شەپقەت بولمىسا ئەلدە،
ئاسماندىنمۇ توپا ياغاركەن.
توپا ئۆرلەپ چىرايلاردىنمۇ،
يۈرت ئىچىنى جۇتلۇق باساركەن.

مېھىر - شەپقەت تىرىلسە بىردىن،
ئايلىنار كەن چۆللەر بوستانغا.
لاي سۇلارمۇ سۈزۈلۈپ شۇئان،
قاتار ئىكەن قۇشلار داستانغا.

مېھىر - شەپقەت تىرىلسە بىردىن،
ئاپتاپمۇ ھەم كۈلۈپ باقاركەن.
سولغۇن كۆزلەر نۇرانە بولۇپ،
چىرايلاردىن كۈلكە ياغاركەن.
......

تۇرگۇن بەشەيلەن يېشىل دۆڭدە تۇرۇپ بۇ گۈزەل شەھەرگە تويماي قاراشتى.

— مەن دانىشمەن قاغىنىڭ بىزنى نېمىشقا سىنىدىماقچى بولغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى تۈيغۇن نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ.

— مەن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم، — دېدى ئايچەش.

— راستىتىنى ئېيتسام، بۇرۇن بۇ جايدىن بىزار بولغان بولسام، مانا ئەمدى ھېچ كەتكۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى زۇمرەت.

بۇ چاغدا تۇيغۇن تۇيۇقسىز باغدىكى بىر دەرەخ ئۈستىدە دانىشمەن قاغىنىڭ قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— قاراڭلار، قاغا موماي! — دېدى ئۇ باشقىلارغا شۇ تەرەپنى ئىما قىلىپ.

ھەممەيلەن دەرھال ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. دېگەندەك، دانىشمەن قاغا ئۇلارغا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى...

# ئەتلەس قىز

كىچىككىنە ئەتلەس پارچىسى قۇم ئاستىدا يېتىۋې-رىپ بەكمۇ زېرىكتى.

«خەپ، بورانلار ئۇچۇرۇپ كېتىپ، بۇرۇنقىدەك خالىغان جايلاردا سەيلە قىلىپ يۈرگەن بولسام نېمىدې-گەن راھەت!» دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق، ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قۇم مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس.

بىچارە ئەتلەس زېرىكىش ئىچىدە ئۇزاق - ئۇزاق خىياللار سۈرۈپ، ئاخىر يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭدىكى يېشىل يىپلار يېشىل نۇرلارغا ئايلانغانىدى. يېشىل نۇرلار خۇددى كاۋا پېلىكىدەك ئۆچ تارتىپ، قۇم بار-خانلىرىنى شويلىماقتا ئىدى. پايانسىز قۇملۇق بىردەم-دىلا يېشىل نۇرلارنىڭ چىرمىشى بىلەن ياپيېشىل بوس-تانلىققا ئايلاندى. ياپيېشىل توغراقلار، توپ - توپ قومۇشلۇقلار، چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇلغۇنلار، سۈپسۈزۈك كۆللەر، شىلدىر - شىلدىر بۇلاقلار... مانا ئەمدى ئەتلەس چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. پاھ - پاھ، ئەسلىدە تەكلىماكان كۆز يەتكۈ-سىز باغ - بوستان ئىكەن ئەمەسمۇ! يول بويى ھەممىلا

www.uyghurkitap.com

نەرسە ئۇنى كۆرسىتىشىپ: «ئەنە، ئەنە، ئەتلەس قىز»
دېيىشىپ ئۇنىڭغا پەخىرلىنىپ قارىشاتتى. نەشپۈت ھە-
دىلىرى: «ھوي، ئەتلەس قىز، ئۇسسۇغانسىز، نەش-
پۈت يەپ كېتىڭ» دېسە، سۆكسۆك ئاكىلىرى:

«ئەتلەس قىز، توختاڭچۇ،
بىردەم ئارام ئېلىڭچۇ»

دېيىشىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشاتتى.
ئەتلەس قىز داۋاملىق چۆش كۆرمەكتە. بۇ قېتىم
ئۇنىڭدىكى قارا يىپلار ئۈچ تارتىپ، ھەش - پەش دېگۈ-
چە پۈتكۈل تەكلىماكان زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.
«ھەي، ئىسىت! قارا باسقاندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ
بۇ!» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. لېكىن، كۆز-
دۇز بىلەن كىچىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى بار ئىشقۇ.
كېچە بولغان يەردە، تاڭ ئېتىپ يورۇق كۈن بولۇشمۇ
تۇرغان گەپ.
ئەتراپ تۈم قاراڭغۇ، ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇر-
غان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا يېقىن ئارىدىكى ئېقىن
كۆللەر سۈس جىمىرلاپ تۇراتتى. ئەتلەس قىز بىر تۈپ
قېرى توغراقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق
خىيال سۈردى. مۇشۇنداق يالغۇز ئولتۇرۇپ تاڭ ئا-
تۇرماق نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش - ھە!
ئاخىر ئەتلەس ئاجايىپ ياخشى بىر ئامالنى ئويلاپ
تاپتى. ئۆزىدىكى قىزىل يىپتىن بىر تالنى

سۇغۇرۇۋېلىپ، نېرىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تاشلىغانىدى، ئۇ بىردىنلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانغا ئايلاندى.

گۇلخان يېقىلدى دېگەن گەپ مەشرەپ باشلاندى دېگەن گەپ. دېگەندەكلا بىردەمدىلا گۇلخان بويىـغا تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر يىغىلىپ، مەشرەپ باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەللىرىگە پوتا باغلىغان، تۇماقلىق كىيىشكەن بوۋايلارمۇ، لېچەك ئارتقان مومايلارمۇ، چەبدەس يىگىتلەرمۇ، شوخ قىزلارمۇ بار ئىدى. يەنە ئۇششاق باللارمۇ چوڭلارغا ئەگىشىپ تەڭ كېلىشكەنىدى.

دولان راۋابى، داپ، چاڭ...لارغا جور بولغان دولان مۇقامى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بەس - بەستە ئۇسسۇل ئويناشماقتا، گۇلخان يورۇقىدا ئۇلارنىڭ شولىلىرى يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ، دەريا دولقۇنلىرىدەك لەمشىمەكتە ئىدى. ئەتلەس قىزمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قانغۇچە ناخشا ئېيتتى، ئۇسسۇل ئوينىدى.

ئەتلەس قىز قىزىل يىپتىن يەنە نۇرغۇن قىزىلگۇللەرنىمۇ پەيدا قىلىپ، قىزلارنىڭ قۇلاقلىرىغا قىسىپ قويدى.

ئوينا - ئوينا، ئاخىر ھەممەيلەن ھېرىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. گۇلخانمۇ ئۆچۈپ، ئەتراپ يەنە قاراڭغۇلۇق ۋە تىمتاسلىقتا چۆمدى. ئەتلەس قىزمۇ ھاردى بولغاي، توغراق تۈۋىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

بىر چاغدا نېمىدۇر بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يېقىنىلا بىر كۆلچەكتىكى پاقىلار

كۇرۇلدىشۋاتقانىكەن. بىراق، تاڭ يورۇيدىغاندەك ئەمەس. ئەتلەس قىز تاڭنى كۇتىۋېرىپ بەكمۇ ئىچى پۇشتى.

«ھەي، كاللامنىڭ ئىشلىمىگىنىنى، بۇنىڭ ئامالى بار ئەمەسمۇ؟»

ئۇ ئۆزىدىكى سېرىق يىپتىن بىر تالنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ غۇر ـ غۇر شاماللارغا قويۇپ بېرىپ:

— ئەي ئۇچقۇر شامال، تىلىكىمنى ئۇپۇققا يەت-كۇز! — دېدى.

شامال شۇئان سېرىق يىپنى ئۇچۇرۇپ تاڭ ئاتار ياققا ئېلىپ باردى. سېرىق يىپ ئۇپۇقتىن تال ـ تال نۇر بولۇپ تارقىلىشقا باشلىدى. ھەش ـ پەش دېگۇچە كۇن ئۆرلەپ، يەر ـ جاھان ئىللىق ئاپتاپقا چۆمۈلدى. ئەتلەس قىز بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى-دە، يەنە ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇردى. كۇن تىكلەنگەنچە ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەتلەس قىزنىڭ بەدىنىدىن تەر شۇرقىراپ، ئىس-سىققا چىدىيالماي قالدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئالدىرىماڭلار جۇمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئامال بار.

ئەتلەس قىز بىر توپ يۇلغۇن تۇۋىگە چۇشۇپ، ئۆزىدىن بىر تال كۆك يىپنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئەمدى، قانداق كارامەتنىڭ پەيدا بولغانلىقى-نى تېپىپ بېقىڭلارچۇ. تاپالمىدىڭلارمۇ؟ بوپتىلا ئۆ-زەملا دەۋەتتەي، يۇلغۇن بويىدا تۇرۇم ـ تۇرۇم دولقۇنلار سويلاپ يۇرگەن كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بولۇپ قالدى.

كۆلدىن ئىللىق شامال كېلىپ ئەتلەس قىزنىڭ چاچلى-
رىنى يەلپۈپ ئارام بېغىشلاشقا باشلىدى.

ئەتلەس قىز سۇدىن ئوچۇملاپ قېنىپ ئىچكەندىن كېيىن، كۆلگە چۈشۈپ چۆمۈلۈشكە باشلىدى. پاھ، نېمىدېگەن راھەت! ئۇ ئۈزۈپ سەل ئىچكىرىلىگەندى، يوغان بىر تۈپ توغراق بويىدىن بىر توپ ياۋا ئۆردەك ئۈزۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. يەنە بېلىجانلار، قۇم-چاقلارمۇ ئەگىشىۋالغانىدى.

ئەتلەس قىز قارشى قىرغاقتا چىقىپ قىزىق قۇمدا قاقلىنىپ ياتتى.

يىراقتا ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرى كۆزگە تاش-لىنىپ تۇراتتى. ئەتلەس قىز قاراقۇرۇم تاغلىرىغا قارى-غىنىچە ئاجايىپ قىزىق بىر ئويغا چۆمدى: «ئاشۇ تاغلا-رغا قار ياغدۇرۇپ باقايچۇ.»

ئەتلەس قىز قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇ-چۇپ بېرىپ، ئاق رەڭلىك يىپەكتىن بىر تالنى تاشلىغا-نىدى، شۇ ھامان پۈتكۈل تاغ ـ جىلغىلار ئاپئاق قارغا پۈركۈنۈپ كەتتى.

ئەتلەس قىز تاغ قاپتىلىغا چۈشۈپ، پەيدەك مامۇق قارلارنى «غاچ ـ غۇچ» دەسسەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەتراپ خۇددى ئانىنىڭ سۈتىدەك شۇ قەدەر پاك ھەم يېقىملىق كۆرۈنەتتى. قاردا يەنە بىر نەچچە ياۋا توشقانمۇ مۆكۈشمەك ئويناۋاتتى.

— ھەي، توشقانلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە مۆكۈشمەك ئويناي، بولامدۇ؟ — دېدى ئەتلەس قىز.

توشقانلار ماقۇل بولۇشۇپ ئۇنى قوشۇۋېلىشتى. ئۇلار قارلىق دالىدىكى قورام تاشلار ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ ئويناشنى باشلىۋەتتى.

بىر چاغدا ئەتلەس قىز سوغۇققا چىدىماي چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. بارا - بارا پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ جىم تۇرالمايلا قالدى...

دەل شۇ چاغدا ئەتلەس قىز بۇ ئۇزاق چۆشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئەسلىدە بوران ئۇستىدىكى قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى قۇم سىرتىغا چىقىپ بولغان، بوراندا راسا يەلپۈنۈۋاتقانىكەن. ئەتلەس قىز بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئەمدى ئۇ ئاخىر قۇم ئاستىدىكى زېرىكىشلىك دۇنيادىن قۇتۇلىدىغان بولدى.

ئەتلەس قىز خۇشاللىقىدا ئىككىلا يۇلقۇنۇپ، قۇمنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراپ چىقتى-دە، بوران بىلەن بىللە يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئاخىر بورانمۇ توختاپ ئۇ بىر تۈپ سۆكسۆك تۈۋىگە بېرىپ قوندى. سۆكسۆكنىڭ سەل نېرىسىدىكى قۇم دۆڭنىڭ تۈۋىدە ئۈچ ئادەم نېمىنىدۇر كولاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئەتلەس قىز شامالنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن سەل ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىدى. ئەسلىدە ئۇلار بىر قەبرىنى كولاۋاتقانىكەن...

ئۇلار ئاخىر قەبرىنى ئاچتى. قەبرىدە يۈزىگە نېپىز يىپەكسىمان رەخت يېپىلغان، يۇڭ توقۇلمىدىن كىيىم، بۇغا تېرىسىدىن ئۆتۈك كىيگەن، قول

تىرناقلىرى قىزىل بويالغان بىر جەسەت ياتاتتى. بىر
قاراشتىلا ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى
بولاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا چاكانددىن توقۇلغان بىر سې-
ۋەت، سېۋەتتە بىر بوۋاقنىڭ جەسىتى بار ئىدى. بوۋاق-
نىڭ كۆزلىرىگە ئىككى تال تاش، باش تەرىپىگە قوي
ئەمچىكىدىن ياسالغان ئېمىزگۇ قويۇپ قويۇلغانىدى.
قەبرە ئىچىگە ئورۇقراق بىرى چۈشتى. سېمىزرەك بى-
رى قەبرە سىرتىدا تۇرۇپ ئۇ سۇنغان نەرسىلەرنى ئۆت-
تۇرلۇق يەرگە تىزىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
سۇنۇق ساپال پارچىلىرى كۆپرەك ئىدى. ساقاللىق،
بەستلىك يەنە بىرەيلەن تاماكا چەككەچ ئۇلارنىڭ
ئىش ـ ھەرىكىتىگە سىنچىلاپ قاراپ تۇراتتى.

— ھوي ئوغرى، قوينۇڭدىكىنى چىقار! — دەپ
بىردىنلا ۋارقىرىدى ساقاللىق كىشى ئورۇققا قاراپ قو-
لىنى شىلتىغىنىچە.

— نېمىنى! — دەپ ۋارقىرىدى ئورۇقمۇ بوش
كەلمەي.

— قوينۇڭغا بىرنېمىنى تىقىۋالدىڭغۇ، — دېدى
ساقاللىق دېۋەيلەپ كەلگىنىچە. ئاندىن ساقاللىق بىلەن
سېمىز كىشى ئورۇقنى تارتقۇچلاپ يۇرۇپ قەبرە سىرتى-
غا سۆرەپ ئاچىقتى. ئورۇق ئۆزىنى باشقۇرۇپ بولالماي
دۈم چۈشتى. شۇئان ئۇنىڭ قوينىدىن دۈگىلەك بىر
نەرسە ۋال ـ ۋۇل قىلغىنىچە يەرگە دومىلاپ كەتتى.

— ۋاھ، ئالتۇن بىلەزۈك! — دەۋەتتى سېمىز بى-
لەن ساقاللىق كۆزلىرىنى چۆچەكتەك چەكچەيتكىنىچە.

ئاندىن ئۇچى بىلەزۇكنى تالىشىپ پومىلاقلىشىپ كەتتى.

— مەن ئاۋۋال تاپقاندىكەن مېنىڭ! — دەيتتى ئورۇق.

— قانداقسىگە سەن گۇيىنىڭ بولىدۇ، بۇ قەبرىنى مەن تاپقاندىكەن مېنىڭ، — دەيتتى ساقاللىق.

ئۇچەيلەن خېلى تالاشقاندىن كېيىن ئاخىر ھاردى بولغاي، ھەممە نەرسىنى تەڭ بۆلۈشىدىغانغا كېلىشتى.

بۇ چاغدا ئەتلەس قىز شامالنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئەتلەسقۇ بۇ! — دېدى ساقاللىق ئەتلەس قىزنى دەرھال قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ.

— قەدىمكىلەر توقۇغان ئەتلەستەك قىلىدۇ، — دېدى ئورۇق.

— خېلى پۇلغا يارىغۇدەك، — دېدى سېمىزمۇ خۇش بولغىنىدىن.

ئەتلەس قىز ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى، بىراق ئەمدى قېچىش مۇمكىنمۇ. بەلكىم بۇ ناكەسلەر ئۇنى يىراق جايلارغا ئاپىرىپ كىملەرگىدۇر سېتىۋېتەر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەڭگۇ ئەينەك قەپەسكە سولىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولار. شۇلارنى ئويلاپ ئەتلەس قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بىر- بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرىغا قاراپ: «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن نىدا قىلدى. ئۇنىڭ نىداسىنى كېپەن

ئوغرىلىرى ئاڭلىيالمايتتى. ئەمما، بۇ نىدانى شۇ تاپتىلا باياتىن بېرى بۇ جايدا ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تۇرگۇن، ئايچەش، تۇيغۇن، زۇمرەت، ئايچەچەكلەر ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئايچەش ئەتلەس قىزنىڭ ئىچكىرنىشلىق نالىسىغا چىداپ تۇرالماي، «تەپكەك باتۇر» دەپ بىرلا پىچىرلىدىغانىدى، ئالقىنىدىكى خاسىيەتلىك ئۆتۈك بىردىنلا يوغىناپ بۇركۇتتەك ئۇچۇپ بارغىنىچە كېيەن ئوغرىلىرىنى قارىقويۇق تەپكىلى تۇردى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مەڭدەپ كەتكەن كېيەن ئوغرىلىرى بۇنى «قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ ئەرۋاھى ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىپ قېلىشتى - دە، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قاچقىلى تۇرۇشتى. ئۆتۈك ئۇلارنى خېلى جايلارغىچە تېپىپ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئايچەش ئۆتۈكنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالدى.

قەبرىدىن ئوغرىلانغان نەرسىلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆز ئورنىغا قايتىپ، قەبرىمۇ بۇرۇنقى كۆمۈكلۈك ھالىتىگە كەلدى. ئاندىن تۇيغۇن خاسىيەتلىك نوقۇتنىڭ كارامىتى بىلەن قەبرىنىڭ ئۈستىگە قۇم كۆچۈرۈپ تاپالماس قىلىۋەتتى.

ئەتلەس قىز ئۇلارغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيتتى. ئەمما، ئايچەش ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان چەكسىز مىننەتدارلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولدى.

ئۇلار ماڭىدىغان چاغدا، ئەتلەس قىز:

— مېنىمۇ ئالغاچ كېتىڭلارچۇ، ئۆزۈم يالغۇز يۈرۈۋېرىپ بەك زېرىكتىم، — دەپ يالۋۇردى.

تۇرگۇن بەشەيلەن ئەتلەس قىزنى ئېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. يول بويى ئەتلەس قىز ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئەسلىدە ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بىر باپكار توقۇغان ئەتلەس ئىكەن. كېيىن بىر قىزغا كۆڭلەك تىككەندە مۇشۇ پارچىسى ئېشىپ قالغانىكەن. ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن بۇ شەھەرنى قۇم بېسىپ كېتىپ، بۇ كۆڭلەك قۇم ئاستىدا قاپتۇ. بورانلارنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن قۇم يۆتكىلىپ، ئەتلەس پارچىسى تەكلىماكاندا سەرسان بولۇپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. ھېلى كۆمۈلۈپ، ھېلى ئېچىلىپ، قۇم ئاستىدىكى تالاي - تالاي شەھەرلەرنى كۆرۈپتۇ. ئەمما، يالغۇزلۇقنىڭ دەردى جېنىغا پېتىپتۇ...

ئۇلار ماڭە - ماڭە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قېلىشتى. دەريا بويىدىكى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن يەنە كىچىككىنە بىر قوشاما ئۆيمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوشاما ئۆيىنى كۆرۈپ ئەتلەس قىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇچۇپ بېرىپ قوشاما ئۆي ئالدىدىكى جىگدىگە قوندى. قوشاما ئۆي ئالدىدا ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بىر موماي پالاس توقۇپ ئولتۇراتتى.

ئەتلەس قىز موماي توقۇۋاتقان رەڭدار پالاسقا زوقلىنىپ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئاڭغىچە تۇرگۇن

بەشەيلەنمۇ يېتىپ كېلىشتى. بىراق، موماي ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرمىدى.

موماي ئولتۇرۇۋېرىپ بېلى تالدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى مۇشتلىغىنىچە:

— خەپ، خەپ، بىر قىزىم بولغان بولسىچۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا بېلىمنى تۇتۇپ قويسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەرىدىم، — دېدى ئۇھسىنىپ.

بۇ چاغدا بوۋايمۇ ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ قايتىپ كەلدى.

— تېخىچىلا توقۇپ ئولتۇرۇپسەنغۇ، موماي. تاماق ئەتمىدىڭمۇ؟ — دېدى بوۋاي ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مانا ئەمدى، — دېدى موماي شۇندىلا چۈش بولۇپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ.

— خەپ، بىر ئوغلۇم بولغان بولسىچۇ، — دېدى بوۋايمۇ ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ. ئاندىن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى جىگدىلەرگە قونۇۋېلىپ ھەدەپ جىگدە چوقۇۋاتقان قاغىلارنى تاش ئېتىپ قوغلىدى.

— ھۇش، يوقىلىش ئاچ پاقىلار!

بوۋاي ئۆيگە كىرىپلا ئىدىشتىن قاپاق چۆمۈچتە سۇ ئېلىپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچكەندىن كېيىن، مومىيىغا:

— مۇشۇ قارا قاغىلاردىن ئەجەبمۇ تويدۇم، بارى يوقى ئاشۇ ئىككى تۈپ جىگدىنىمۇ قۇرۇتۇپ بولاي دەپتۇ، — دەپ ۋايسىغىلى تۇردى.

— ماۋۇ چاشقانلارنىڭ ئەلىمىنى دېمەمسىز، —

دېدى مومايمۇ دەرد تۆكۈپ،— بۇغداي ئېلىپ قويغان
تاغارلاردىن تەشمىگىنى قالماپتۇ.
— يەنە ياۋا توشقانلارنىڭمۇ دەردى يېتىپ ئا-
شىدۇ، — دېدى بوۋاي، — تەرگەن كۆكتاتلارنى قى-
رىپ بوپتۇ.
— خەپ، خەپ، ئىگەكىم. بىر بالىمىز بولۇپ
قالغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى.
— ئاۋۇ توخۇلارنىڭ ئەلىمىچۇ تېخى، — دېدى
موماي، — ھېلى ئۆگزىنى تاتىلىغان، ھېلى يېيىپ
قويغان قاقلارنى چوقۇغان. قېرىغان جېنىمدا ھېچ يېتى-
شەلمەيلا قالدىمغۇ. ئۇھ...
— ھەي، قېرىپتۇق. ياش ۋاقتىمدىغۇ يولۋاسقىمۇ
بوزەك بولمىغان. مانا ئەمدى چاشقانلارمۇ بوزەك قىلغى-
لى تۇردى. بىر بالىمىز بولغان بولسىغۇ يۈگۈرۈپ
يۈرۈپ تاش ئېتىپ ھېچنېمىنى يولاتماس ئىدى.
— شۇنى دېمەمسەن، موماي. خۇدايىمنىڭمۇ بىز-
گە رەھمى كەلمىدى. «جان بار يەردە قازا بار» دەپ
ئەتە ـ ئۆگۈن موككىدىلا ئۆلۈپ تارتىپ قالساق، يىغى-
مىزنى كىممۇ يىغلار ـ ھە؟
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرپەس مۇڭلىنىپ تۇرۇپ
كېتىشتى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەتلەس قىز-
نىڭ بوۋاي ـ مومايغا ئىچى ئاغرىدى ھەم ئۇلارغا قىز
بولۇۋالغۇسى كەلدى.

دېمىسىمۇ، مۇشۇنداق بىچارە، ئاق كۆڭۈل بوۋاي-
مومايغا قىز بولغاندىنمۇ خۇشاللىق ئىش بولماس.
ئەتلەس قىزنىڭ شۇ ھامانلا قوشاما ئۆيگە يۈگۈرۈپ
كىرگۈسى كېلىپ كەتتى. «بىراق، چىرايىم قانـ-
داقتۇ - ھە؟ قۇم ئاستىدا يېتىۋېرىپ سەتلىشىپ
كەتتىممىكىن؟» شۇ ئوي كۆڭلىدىن كېچىپ، ئاۋۋال
ئۆز چىرايىنى بىر كۆرۈپ باقماقچى بولدى - دە، يېنىد-
دىكى كۆلچەك بويىغا باردى. پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ئۆز
قىز بۇ! ھۆپپىدە گۈللەر ئېچىلغان باغنى ئەسلىتىدىغان
چىمەندوپپىسى، قىرىق كوكۇلىلىق تال - تال چاچلىد-
رى، چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئەتلەس كۆڭلىكى
ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى تېخىمۇ نۇرانە كۆرسىتىپ تۇ-
راتتى. ئەتلەس قىز ئۆز ھۆسن - جامالىدىن مەمنۇن
بولۇپ، پىسسىڭڭىدە كۈلگەندى، ئويماقتەك زىنىخلىد-
رى ئۇنى تېخىمۇ ئوماق كۆرسىتىۋەتتى.
ئەتلەس قىز شۇ خۇشاللىقىدا ئۇدۇل قوشاما ئۆيگە
يۈگۈرۈپ كىردى.
— دادا، ئانا، مەن سىلەرگە قىز بولغىلى كەلـ-
دىم! — دەۋەتتى ئەتلەس قىز ئىشىكتىن كىرىپلا.
«خۇدايىم توۋا! بۇ نېمە كارامەت! ھازىرلا بىر
قىزىمىز بولسىچۇ دېسەك، راستتىنلا بىر قىز كىرىپ
كېلىۋاتىدىغۇ؟»
بوۋاي بىلەن موماي ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا
بولۇپ قالغان بۇ قىزغا ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

www.uyghurkitap.com

— سىز، سىز نەدىن كەلگەن؟ كىمنىڭ قىزى-
سىز؟ — دېيەلىدى بوۋاينىڭ تىلى ئارانلا كەپكە
كېلىپ.

— مەن قۇملۇقتىن كەلدىم، تەكلىماكاننىڭ قى-
زى، — دېدى ئەتلەس قىز.

— ئىسمىڭىزچۇ؟

— ئەتلەس قىز.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سىلەرنى ئىزدەپ كېلىشىم. خالىساڭلار سى-
لەرگە قىز بولۇپ كەتسەم دەيمەن.

بۇ گەپ - سۆزلەرگە بوۋاي - مومايىنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىر ئۇلار بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى بولسا كېرەك دەپ، ئەتلەس قىزنى قىز قىلىۋېلىشقا ماقۇل بولدى. قىز مومايىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. موماي ئۇنى باغرىغا چىڭ بې-سىپ، چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى.

قىز بىردەمدىلا شۇنداق ئوخشىتىپ لەگمەن ئەتتى-كى، بوۋاي، موماي ئۆمرىدە مۇنداق ئوخشىغان لەگمەن-نى يەپ باقمىغانىدى. ئاندىن ئەتلەس قىز ئۆي ئىچىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، شۇنداق رەتلىك سەرەمجانلاشتۇردى. قىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپ بوۋاي بىلەن موماي خۇش بولغىنىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن پەرۋانىدەك ئايلى-نىپ نېرى كېتەلمەيلا قالدى.

ئەتلەس قىز سىرتقا ماڭغاندى، بوۋاي بىلەن موماي ئارقىسىدىن ئەگىشىپ تەڭ چىقتى. ئەتلەس قىز يىراقتىكى توغراقلارغا قونۇۋالغان قاغىلارغا قاراپ قاغىلارنىڭ تىلىدا خىتاب قىلدى:

— ھەي، ئىنساپسىز قاغىلار، جاڭگالدىكى شۇنچە جىگدىلەر يېتىشمىدىمۇ سىلەرگە؟ مۇشۇ بىچارە بوۋاي - مومايىنى بوزەك قىلساڭلار سەت ئەمەسمۇ!

قاغىلار دەسلەپتە ئەتلەس قىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا - ئاڭلا ئاخىر قايىل بولۇشۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا خىجالەت بولۇشقا باشلىدى.

ئەتلەس قىز يەنە ياۋا توشقان، توخۇ، ئىت - مۈشۈك، چاشقان، پاشا - چىۋىنلارغىچە ھەممىسىگە تەربىيە ئىشلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن جىمى جان - جانىۋارلار تەسىرلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي بىلەن مومايىنى بوزەك قىلماسلىققا ۋەدە قىلىشتى. قاغا، ياۋا توشقان، بۆغا، كېيىكلەردىن بىرمۇنچىسى بوۋاي بىلەن مومايغا بالا بولۇپ كېتىدىغان بولۇشتى تېخى!

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇتۇن لازىم بولسا جاڭگالدىن ھايۋانلار ئۆزلىرى ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى. توخۇ، قاغىلارمۇ مەخسۇس زىيانداش ھاشاراتلارنىلا يەپ، ئۇلارنىڭ كۆكتاتلىقنى قوغدايدىغان بولدى. چاشقانلارمۇ بوۋاي - مومايىنىڭ ئارامچىلىقىنى دەپ

باشقا بىر جايغا كۆچۈپ كېتىشتى.

بوۋاي - موماي بۇ ئىشچان، ئەقىللىق قىزغا كۈندىن - كۈنگە ئامراق بولۇپ كەتتى. ئەتلەس قىزمۇ مۇشۇنداق كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل بوۋاي - مومايغا قىز بولغىنىدىن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# تونۇر بېشىدا

ئۇلار نىيەدىكى يۇلغۇن، جىگدىلەر بىلەن پۈركەنگەن بىر مەھەللىدە كېتىۋېتىپ، بىر ئۆينىڭ قېشىدىكى تونۇر بېشىدا ئۈچ بالىنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. تۇيغۇن بىلەن زۇمرەت بالىلارنىڭ تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئېيتىشىدىغانلىقىنى پەقەت كىتابلاردىلا ئوقۇغان، ئەمما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى.

— ئۇلار قانداق پاراڭلارنى قىلىشىدىكىن، بېرىپ ئاڭلاپ باقامدۇق؟ — دېدى تۇيغۇن.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن ماقۇل دېيىشىپ، ئۇ بالىلارنىڭ قېشىغا بېرىشتى. ئۇلار بۇ ناتونۇش بالىلارغا ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— بىر كىمنى ئىزدەمتىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل. ئۇ بالىلارنىڭ چوڭىدەك قىلاتتى.

— ياقەي، قارىساق، تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپسىلەر، پارىڭىڭلارنى ئاڭلاپ باقساقمىكىن دەپ كېلىشىمىز، — دېدى تۇيغۇن ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ.

بۇ گەپ بىلەن ئۇ باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە تۇرگۇن بەشەيلەنگە قاراشتى.

— سىلەر قەيەردىن كەلگەن؟ — دەپ سورىدى باللارنىڭ چوڭى.

تۇرگۇن ئۆزلىرىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بالا ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى سەمىمىيلىككە ئاخىر قايىل بولۇپ، خالاپ ـ خالىمايراق ئۇلارنىمۇ تونۇر بېشىغا تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە ئۇلار تونۇرغا كاۋا كۆمۈپ قويۇپ، پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇشقانىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى مەتتۇرسۇن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ مەتروزى، كەنجىسىنىڭ مەتقۇربان ئىكەن.

— بىزنىڭمۇ بىر كاۋىمىز بار ئىدى، تەڭ پىشۇرۇپ، تەڭ يېسەك بولامدۇ؟ — دېدى تۇيغۇن.

— مەيلى، — دېدى مەتتۇرسۇن ئۇنى «چاقچاق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟» دېگەندەك سەل گۇمان ئارىلاش.

تۇيغۇن بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، خاسىيەتلىك نوقۇتنىڭ كارامىتى بىلەن ئىچىگە ياۋا توشقاننىڭ گۆشى سېلىنىپ، تېشىغا لاي سۇركەلگەن بىر كاۋىنى پەيدا قىلدى-دە، تونۇر بېشىغا كۆتۈرۈپ كەلدى.

ئۇلار كاۋىنى تونۇرغا كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن پاراڭغا چۈشۈشتى. بىردەم تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— چۆچەك ئېيتىشامدۇق، — دېدى تۇرگۇن.

بۇنىڭغا ھەممەيلەن ماقۇل بولۇشتى.

— ئاۋۋال سىلەر سۆزلەڭلار، — دېدى

مەتتۇرسۇن تۇرگۇنگە يول بېرىپ.

— ياق، ئاۋۋال سىلەرنىڭكىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى تۇرگۇن. «سەن سۆزلە، سەن سۆزلە» دېيىشىپ ئاخىر مەتتۇرسۇن ئاۋۋال سۆزلەيدىغان بولدى.

— بۇرۇنقى زاماندا جاڭگال بويىدا بىر بالا ئۆتكەنىكەن، — دەپ سۆز باشلىدى مەتتۇرسۇن بوۋىسىدىن ئاڭلىۋالغان بىر چۆچەكنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئۇ ناھايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ئىكەن. بىر كۇنى ئۇ جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپ بىر قاپاق تېپىۋاپتۇ. قاپاقنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ تۇرۇشىغا قاپاقتىن سادا كەپتۇ.

مەتتۇرسۇن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تىنىۋالدى.

— بولمامسەن، — دېدى مەتقۇربان چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ.

— نېمە ئالدىرايسەن، — مەتتۇرسۇن ئۇنىڭغا «گېپىمگە قوشۇق سالما» دېگەن مەنىدە ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قاپاقتىن: «مەن بىر خىسلەتلىك قاپاق، بۇلدۇق دەپ بىر قېتىم دېسەڭ مەندىن سۇ چىقىدۇ. چىپ دېسەڭلا دەرھال توختايدۇ. ئەمما، كەينى - كەينىدىن ھەرگىز ئۇدا ئىككى قېتىم بۇلدۇق، بۇلدۇق دەپ سالما، بولمىسا مەندىن چىققان سۇنى توختىتالمايسەن» دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىپتۇ. ئوتۇنچى: «بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى، بۇنىڭدىن كېيىن چۆلدە سۇ تاپالماي قالارمەنمۇ

دەپ ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن سىناپ بېقىش ئۈچۈن قاپاقنا قاراپ «بۇلدۇق» دەپتىكەن، قاپاقتىن سۇپسۇزۇك سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئوتۇنچى قول-يۈزلىرىنى يۇيغاندىن كېيىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. سۇ شۇنچىلىك مۇزدەك ھەم تاتلىق ئىكەن. ئاندىن «چىپ» دەپتىكەن شۇئان سۇ توختاپتۇ. ئوتۇنچى يولدا كېتىۋې-تىپ ئۇسساپ كەتكەنلەرگە قاپىقىدىن سۇ بېرىپتۇ. مەھەللىسىگە بارغاندىن كېيىن ئۇسساپ كەتكەنلەر، بې-غىنى سۇغىرالمىغانلارنىڭ ھەرقاندىقىغا ياردىمىنى ئايى-ماپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى ئاخىر بې-شىغا بالا بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئەھۋالىنى ئاڭلىغان بىر مۇشتۇمزور قاپاقنى ئۇنىڭدىن تارتىۋاپتۇ ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن سۇ دېگۈ-چىلەرگە سۇ سېتىپ پۇل تاپىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىچارە ئوتۇنچى ھەر قېتىم قاپىقىنى بېرىۋېتىشنى سوراپ بار-سىلا ئۇ مۇشتۇمزوردىن تاياق يەپ قايتىپ كېلىدىكەن.

ئاقىۋەتتە شۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپتۇكى، — مەتتۇرسۇن بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن چۆچەك-نى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ مۇشتۇمزور بىر كۈنى قاپاقنا قاراپ ئالدىرىغىنىدىن «بۇلدۇق، بۇلدۇق» دەپ ئىككى قېتىم دەپ سالپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاپاقتىن چىققان سۇ زادىلا توختىماپتۇ. سۇ ئاققانچە ئۇلغىيىپتۇ، دەسلەپتە ئېرىقتەك، ئاندىن ئۆستەڭدەك، ئاخىردا بېرىپ سەل كەلگەندەك ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئېقىپ، ئېقىپ ئاخىر

ھېلىقى مۇشتۇمزورنىمۇ ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چۆچەكمۇ تۈگەپتۇ.

مەتتۇرسۇن سۆزلەپ بولۇپ ئۇلارغا «قانداقراق-كەن؟» دېگەن مەنىدە بىرقۇر قارىدى. بۇ چۆچەكنىڭ بەزى يەرلىرى كەمتۈكتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن تۇرگۇن يەنىلا ئۇنى ماختاپ:

— بەك ئوبدان سۆزلىدىڭ، ھەقىقەتەن ياخشى-كەن، — دەپ ماختىدى. قالغانلارمۇ «ۋاي، بەك قى-زىقكەن!» دېيىشتى، ئاندىن «ئەمدى كىم سۆزلەي-دۇ؟» دېيىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— مەن سۆزلەيچۇ، ئاكا، — دېدى مەتقۇربان بۇ چاغدا ئاكىسىغا يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ.

— ئاۋۋال مۇنۇ مېھمانلار سۆزلىسۇن، — دېدى مەتتۇرسۇن.

— مەيلى، ئاۋۋال ئۇكىڭىزنىڭكىنى ئاڭلايلى، — دېيىشتى ئايچەش بىلەن زۇمرەت تەڭلا. شۇنىڭ بىلەن مەتقۇربان چۆچەك سۆزلەشنى باشلىدى.

— بۇيۇنقى زاماندا، — دەپ سۆز باشلىدى مەتقۇر-بان قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە چۈچۈك تىلدا، — بەك ئەقىللىق بىر بالا بوپتىكەن. ئۇ... ئۇ بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەن...

مەتقۇربان شۇنداق دەپلا جىممىدە بولۇپ قالدى.

— ھە، ئاخىرىچـۇ؟ — دەپ تەقـەززا بولۇشۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى تۇرگۇن بەشەيلەن.

— بۇ داۋاملىق ئاشۇنداق. سۆزلەيمەن دەپ باشلاپ

قويۇپلا ئاخىرىنى دىمەيدۇ، — دەپ ئەيىبلىدى مەتروزى ئىنىسىنى.

— ئۇنداق دىمەي تۇرغىن، مەتقۇربان چوقۇم دىيەلەيدۇ، — دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۇردى تۇرگۇن.

— هە، ئۇ بالا شۇنداق ئەقىللىق ئىكەن، — دەپ تۇرگۇنىنىڭ ئىلهاملاندۇرۇشى بىلەن يەنە سۆز باشلىدى مەتقۇربان، — ئۇ بالا بىر كۇنى قوغۇن سىتىۋاپتۇ. قوغۇننىنى ئۆزى، ئۇرۇقىنى توخۇسى، شاپىقىنى ئىشەكى يەپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، سىنىڭ دەيدىغىنىڭ كەچ كىرگىچە شۇ بىرلا، يا تولۇق دىمەيسەن، — دەپ يەنە ئەيىبلىگىلى تۇردى مەتروزى.

— ئاخىرىنى ئاڭلايلىچۇ، — دىدى تۇيغۇن مەتقۇربانغا يان بىسىپ، — قىنى سۆزلىگىنىچۇ، ئاپئاق ئۇكام.

— سۆزەپ بويدۇم، — دىدى مەتقۇربان كۆزلىرىنى سەبىيلەرچە پىلدىرلىتىپ.

— هە، بوپتۇ، بۇ چۆچەكنى مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلغان، — دىدى ئايچەش بىردىنلا سۆز قىستۇرۇپ، — ئىشقىلىپ، مەتقۇربان ئۇكام ئوبدان سۆزلىدى.

— ئەمدى كىم سۆزلەيدۇ؟ — دىدى مەتتۇرسۇن تۇرگۇن بەشەيلەنگە بىرقۇر قاراپ.

— تۇرگۇن ئاكام بىر چۆچەك سۆزلەپ بەرسۇن، ئۇ چۆچەك سۆزلەشكە بەك ئۇستا! — دىدى زۇمرەت تۇرگۇنگە قاراپ. شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەن ئۇنى



www.uyghurkitap.com

چۆچەك سۆزلەپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋېلىشتى. تۇرگۇن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

— بۇرۇنقى زاماندا، تەكلىماكان بۇك - باراقسان ئورمانلىق بىلەن تولغانىكەن. ئورمانلىقلاردا شىر، يىلپىز، پىل، بۇغا، كېيىك، يولۋاس، مولۇن دېگەن-دەك جىمى هايۋان بار ئىكەن. بەزى جايدىكى ئورمان-لىقنىڭ قېلىنلىقىدىن كىرىشكىمۇ كىشى ئەيمىنىدى-كەن. ئەنە شۇ بۇك - باراقسانلىق ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان «قارامىرەن» دېگەن بىر دەريا بويىدا بىر بەگلىك بار ئىكەن. بىر كۇنى بۇ بەگلىكنىڭ بېگى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان ئوغلىنى ۋارىسى قىلىپ تاللاشقا توغرا كەپتۇ. بىراق، بەگنىڭ قاراباش ئىسىملىك ئىنىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇ-لۇپ هوقۇق تارتىۋېلىش قەستىدە بوپتۇ ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرنى يەڭگىسىنى ئورمانغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈ-ۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى چاپارمەن قاراباشنىڭ ئېغىر ئاياغ يەڭگىسىنى قېلىن ئورمانلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئېغىر بوي بىر ئايال-نى ئۆلتۈرۈشكە زادىلا قولى بارماپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئوردىغا ھەرگىز قايتىپ بارماسلىق ھەققىدە ۋەدە ئالغان-دىن كېيىن، ئۇنى ئورمانلىققا تاشلاپ قويۇپ بېشىنى ئېلىپ باشقا - باشقا ياققا كېتىپ قېلىشىپتۇ. ئۇ ئايال «ئورماندا بۆرە - يولۋاسلار يەپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئەن-سىرىگەنىكەن، بەختكە يارىشا جىمى هايۋانلار ئۇنىڭغا

ھېسداشلىق قىپتۇ. ئاخىر ئۇ ئايال ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، شۇنچىلىك چىرايلىق ھەم بۇدرۇق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئانىسىنىڭ سۈتى يېتىشمەپتىكەن، بىر مارال كېلىپ بالىنى ئېمىتىپتۇ. بىر كۆك بۆرە تېخى ئۇ ئوغۇلغا قۇتبىلگە دەپ ئىسىمۇ قويۇپ قويۇپتۇ.

تۇرگۇن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيغۇن خاسىيەتلىك نوقۇتنىڭ كارامىتى بىلەن ھەممەيلەننى تۇرگۇن سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئاشۇ قېلىن ئورمانلىق ئىچىگە ئەكېلىپ قويدى.

— ۋوي، بىز نەگە كېلىپ قالدۇق؟ — دېيىشىپ كەتتى مەتتۇرسۇن ئۈچ ئاكا-ئەتراپتىكى بوكىدە ئورمان، «شىر - شىر» ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرى ھەمدە قۇتبىلگە، ئۇنىڭ ئانىسى ھەمدە ئۇنىڭ قېشىدا يولۋاس، بۆغا، جەرەن دېگەندەك جىقلا ھايۋانلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشۈپ.

— يولۋاس! يولۋاس! تېز قاچايلى! — دەپ ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى مەتروزى قورقىنىدىن. شۇئان مەتتۇرسۇن بىلەن مەتقۇربانمۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچماقچى بولدى.

— قورقماڭلار! — دېدى بۇ چاغدا تۇرگۇن كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — تۇيغۇن ئاكاڭلار كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيالىي تۇيغۇ، ئۇ يولۋاس بىزگە ھەرگىز چېقىلمايدۇ.

تۇرگۇن ئۇلارنى ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن يولۋاسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، يولۋاس-مۇ خۇددى ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس دوستتەك ئۇنىڭغا ئاستا سۈركىشىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەتتۇرسۇن ئۇچەيلەننىڭ كۆڭلى ئاستا ئورنىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئەمدىلىكتە تۇرگۇن باياتىن سۆزلەۋاتقان چۆچەك ئۇلارنىڭ راست كەچۈرمىشىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

قۇتبىلگەنىڭ ئانىسى بۇ باللارنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ھاي-ۋانلار بىلەن دوست بولۇپ، قۇتبىلگە ئىنىسىنى ئوينى-تىپ، بىللە ئۆسۈشكە باشلىدى. تويغۇن خاسىيەتلىك نوقۇتنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارغا چىرايلىق بىر ئۆي ياساپ بەردى، تۇرگۇن تىلتاش بىلەن ھەممەيلەنگە جى-مى ھايۋاناتنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپ قويدى.

قۇتبىلگە شۇنچىلىك باتۇر، شۇنچىلىك زېرەك ھەم چەبدەس چوڭ بولدىكى، ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلغى-لى بولمايتتى.

بىر كۈنى قاراباش بەگ شىكارغا چىقىپ، سۇ بويى-دا بىرنەچچە باللىنىڭ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتبىلگەمۇ بار ئىدى. قۇت-بىلگە ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. شۇڭا، ئۇنى كۆرۈپلا قاراباش بەگنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى-دە، نۆكەرلىرىگە دەرھال ئۇنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى. قۇت-بىلگە يىلپىز يۈگۈرۈشىدە يۈگۈرۈپ ئۇلارنى زادىلا

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزمىدى. قالغان بالىلارمۇ «قاچە ـ قاچە» ئاخىر قۇتۇلۇپ قالدى. ئورمان ئىچىدىكى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زۇمرەت:

— قولىمىزدا شۇنچىلىك ئېسىل ئەگگۈشتەرلەر بولغاندىكىن، ئۇلارنىڭ راسا بىر ئەدىپىنى بەرسەك بولاتتى، — دېدى ئىچى قايناپ.

— بۇ قېتىم ئۇنداق قىلمايلى، مېنىڭچە قۇتبېلگە چوقۇم ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپالايدۇ، — دېدى تۇرگۇن تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

ئەمدى گەپنى قاراباش بەگدىن ئاڭلايلى.

قاراباش بەگ قۇتبېلگەنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قەتئىي كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى ھەمدە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇ ناهايىتى زالىم ھەم رەھىمسىز بولغاچقا، ئۇنىڭغا پۇقرالىرىلا ئەمەس، ھەتتا جىمى هايۋانات، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆچ ئىدى.

قاراباش بىر تەرەپ، قۇتبېلگە بىر تەرەپ بولۇپ كەسكىن جەڭ باشلىنىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا قالغانىدى. قۇتبېلگە ئېگىز بىر توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قاراباشنىڭ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆزلىرى تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دەپ غەمگە پاتتى توغراق تۈۋىدە تۇرغان ئانىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ياۋنىڭ

باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

قۇتبىلگە توغراقتىن قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېشىغا تۇرگۇن بەشەيلەن ھەمدە يولۋاس، ئېيىق، بۇغا، بۆرە، پىللاردىن تارتىپ تاكى ھەرە، پاشا، كۇمۇتىلارغىچە يىغىلدى.

— ئەگەر قاراباش بەگ سىلەرگە چېقىلىدىغان بولسا، بىز يولۋاسلار ھەرگىز قاراپ تۇرمايمىز، — دېدى يولۋاسلارنىڭ ئاقساقىلى.

— قاراباش مېنىڭ دادامنى ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، — دېدى بىر پىل غەزەپ بىلەن، — مەنمۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنتىم.

ھايۋانلار تۇشمۇتۇشتىن قاراباش بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئۆزلىرىنى ئەۋەتىشنى قۇتبىلگەدىن ئۆتۈنۈشتى. ئاخىر قۇتبىلگە پىل بىلەن يولۋاسلارنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتتى.

بۇ چاغدا قاراباشنىڭ نۆكەرلىرى قۇتبىلگە تۇرۇشلۇق ئورۇنغا كېلەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇلار بىر ئېقىندىن ئەمدىلا ئۆتۈپ تۇرۇشىغا بىر يېنىدىن يولۋاسلار، بىر يېنىدىن پىللار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن ئېسەنگىرەپ قالغان نۆكەرلەردىن نەچچە ئادەم يولۋاس ۋە پىللارنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىدا يەر چىشلىدى. قاراباش بەگ ئاران دېگەندە قۇتۇلۇپ، ساق قالغان لەشكەرلىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن پۈتكۈل ئورمانلىق غەلىبە

تەنتەنىسى بىلەن تولدى. بىراق، قاراباش شۇنىڭ بىلەن-
لا بولدى قىلماي، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بار-
لىق لەشكەرلىرىنى ئەكېلىپ ئورمانلىقنى قورشىۋال-
دى.

— ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى قۇتبېلگە-
نىڭ ئاپىسىنىڭ يەنە بېشى قېتىپ.

— قايغۇرمىسىلا، بۇنىڭغا چوقۇم ئامال تېپىلى-
دۇ، — دېدى تۇرگۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

يەنە جىمى جان - جانىۋارلارنىڭ ئاقساقاللىرى
يىغىلىپ، ئۇرۇش ھەققىدە جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈل-
دى.

— بۇ قېتىم قاراباشنى كۆزدىن يوقاتقىنىمىز يو-
قاتقان! — دېيىشتى ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كېلىشىپ.
ئاندىن ئۇلار ئۇرۇش پىلانى ھەققىدە تەپسىلىي توختى-
لىشتى.

— مېنىڭچە، — دېدى شىر ئاقساقال ھەممەيلەنگە
سۇرلۇك قارىۋەتكەندىن كېيىــن، — شىر، يولۋاس،
بۆرە، قاپلانلار نەچچە سەپ بولۇپ، ئۇلارغا تۇشمۇتۇش-
تىن ھۇجۇم باشلايلى.

— بىز چاشقانلارنىمۇ بوش چاغلىماڭلار جۇمۇ! —
دېدى چاشقانلارنىڭ ئاقساقىلى گەپ قىستۇرۇپ، —
ئەگەر بىزنى ئەۋەتىدىغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ چۇل-
ۋۇر، ئېگەر - توقۇملىرىنى غاجاپ كارغا كەلمەس
قىلىۋېتەتتۇق.

— مېنىڭچە، — دېدى بۇ چاغدا ھەرىلەرنىڭ

ئاقساقىلى سۆز ئېلىپ، — ئۇلارغا بىز ھەربىلەرلا تېتىـ
يالايمىز. ئۇنچىۋالا زور قوشۇن ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى
يوق.

ئۇلار ئۇيان تالىشا، بۇيان تالىشا ئاخىر ھەرە ئاقـ
ساقالنىڭ مەسلىھەتىنى دۇرۇس تېپىشتى ھەمدە پاشا،
كومۇتىلارنىمۇ ئۇلارغا ياردەمچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەـ
تىشنى قارار قىلىشتى. ناۋادا ئۇلار تاقابىل تۇرالمىسا،
جىددىي ياردەمچى قوشۇن سۈپىتىدە يولۋاس، شىر،
قاپلان، سىرتـلان، بۆرىلەر تەخ بولۇپ تۇرىـدىغان
بولۇشتى.

بۇ چاغدا ياۋ قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇـ
رۇلۇپ كېلىشكە باشلىغانىدى. ياۋغا قارشى دەسلەپتە
كومۇتىلار ئاتلاندى. ئۇلار جان - جەھلى بىلەن ياۋ
ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. كۆزـ
لىرىگە كومۇتا كىرىپ ياشاڭغىرىشىپ تۇرۇشىغا پاشىلار
قوشۇنى شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى چېقىپ
ھېچ ئارامىنى قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭگىـ
ۋارلىقى خېلىلا سۇسـلاپ كەتتى. قاراباش بەگنىڭـمۇ
يۈز - كۆزى پاشا چېقىۋەرگەنلىكتىن بىردەمدىلا ھۆرـ
رەك - ھۆررەك قاپارغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
ھەربىلەر سەپ - سەپ بولۇشۇپ بىر ھۇجۇم باشلىغىلى
تۇردىكى، ئۇلارنىڭ ئاچچىق چېقىشلىرى ئالدىدا ياۋ
قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچ، نەيزە، گۇرزە، ئوقيا، قالقان
دېگەنلىرى ھېچ كارغا كەلمىدى. ھەربىلەرنىڭ چېقىشىغا
چىدىماي ئۇلار تىرىپىرەن بولغىلى تۇردى. ئۇچ - تۆت

www.uyghurkitap.com

يۇزچە ھەرە مەخسۇس قاراباش بەگكىلا ھۇجۇم قىلدى. قاراباش بەگنىڭ يۈز ـ كۆز، باش، قۇلاق، بويۇن، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ھەرە چېقىۋېرىپ ساق يېرى قالمىدى، ھەتتا بويىنىدىن ئىچىگىمۇ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ ھەر تەرەپكە جان ئېلىپ قېچىپ باقتى، ئاخىر بەدىنى ھۆپپىدە ئىششىپ، بېشى گاراڭ بولۇپ يىقىلدى. لېكىن، ھەرىلەر ھېچ توختاي دېمەيتتى...

ئەنە شۇنداق قىلىپ، قاراباشنىڭ شۇنچە كۈچلۈك قوشۇنى كۈمۈتا، پاشا، ھەرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بىتچىت بولدى. قاراباش ئۆزى بولسا زەھەرلىنىپ ئۆلدى.

قاراباشنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ھەسرەت چېكىشنىڭ ئورنىغا قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ زالىملىقى، نادانلىقى، ئەسكىلىكلىرىدىن جاق تويۇشقانىدى. ئۇلار قۇتبىلگەنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئورمانلىقتىن قايتۇرۇپ كېلىشتى ھەمدە قۇتبىلگەنى ئۆزلىرىگە بەگ قىلىپ سايلىۋېلىشتى. ئۇنىڭ بەگ بولغىنىغا جىمى پۇقرالارلا ئەمەس، ئورمانلىقتىكى جىمى جان ـ جانىۋارلارمۇ چىن دىلىدىن خۇش بولۇپ كېتىشتى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىشتى.

شۇ كۈنى بۇ ئەلدە كاتتا مەيرەم ئۆتكۈزۈلدى. مەتتۇرسۇن ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ھەمدە تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ بۇ قۇتلۇق مەيرەمگە قاتناشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى

ئۇنتۇشۇپ راسا ئۇيناپ ـ كۇلۇۋاتقاندا، تۇرگۇننىڭ چۆچىكى تۈگىدى ـ دە، ئۇلار بىردىنلا ئۆزلىرىنى ھېـ لىقى تونۇر بېشىدا كۆرۈشتى.

— ۋوي، يەنە تونۇر بېشىغا كېلىپ قاپتۇققۇ؟— دەۋەتتى مەتقۇربان كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي.

— باياتىن كۆرگەنلىرىمىز راستىمدۇ ـ ھە؟— دەپ سورىدى مەتتۇرسۇنمۇ تېخىچە خىيالىي تۇيغۇ- دىن بوشىنالماي.

بۇ چاغدا ئۇلار كۆمگەن كاۋىمۇ پىشىپ، مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى.

— كاۋا پىشتى!— دېدى مەتتۇرسۇن شۇندىلا تو- نۇرغا كاۋا كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

ئۇلار كاۋىلارنى ئېلىپ، تېشىدىكى كېسەكلىرىنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كاۋىلارنى يېرىپ ئوت- تۇرىغا قويۇشتى. ئۇزۇم، چىلان، مېغىز، جىگدە شىرنىسى، ياۋا توشقان گۆشى سېلىنغان كاۋىلار شۇن- چىلىك مەززىلىك پىشقانكى، تۇيغۇن، زۇمرەتلەر ئۆم- رىدە مۇنچىلىك شېرىنلىكنى زادىلا تېتىپ باقمىغان ئىدى.

ئۇلار بۇ نازۇ نېمەتلەرنى يېگەچ يەنە چۆچەك سۆز- لەشنى داۋاملاشتۇردى.

— ئەمدى نۆۋەت مەتروزىغا كەلدى، — دېدى ئايچەچەك.

— ياق، ياق، سىلەر ئۇستىكەنسىلەر، سىلەر سۆزلەڭلار،— دېدى مەتروزى.

تونۇر بېشىدا كاۋا يەپ تۇرۇپ سۆزلىگەن چۆچەك نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە! بىراقزە، بۇنداق چۆچەكلەرنى ئاڭلاپمۇ ئاڭلاپ بولغىلى، يېزىپمۇ يېزىپ بولغىلى بولمايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

# كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

ئاخشام ياغقان ئاپئاق قار قوموْل دىيارىغا ئاجايىپ گۈزەللىك بەخش ئەتكەندى. تۈرگۈن بەشەيلەن قوْموْلنىڭ قەدىمىي يېزىلىرىدىن بىرى بولغان قاراتالدا كېتىۋېتىپ ئانا سۈتىدەك پاك ھېسلارغا بۆلەنگەن سەھرا مەنزىرىسىگە تويماي قاراشاقتا ئىدى. كېتىۋېتىپ، تۈيغۈننىڭ تۇيۇقسىز بىر دېرىزىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ھەممىلا يەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغاچقىمۇ، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغان قاپاقتا ئۆستۈرۈلگەن ياپپېشىل مايسىلار بۆلەكچىلا جۇلالىق كۆرۈنەتتى. مايسىلارنىڭ ئارىسىغا سېرىق، ئاق رەڭلىك ياغاچ خورازلارمۇ سانجىپ قويۇلغانىدى. قاپاقنىڭ قېشىدا يەنە سەۋزىگە سانجىپ ياسالغان يۇلتۇزسىمان بىر نەرسىمۇ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان تۈيغۈن:

— قاراڭلارچۇ، ئاۋۇ دېرىزىدە ئاجايىپ بىر نەرسە تۇرىدۇ،— دېدى قالغانلارغا ئۇ دېرىزىنى كۆرسىتىپ.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن دېرىزە تۈۋىگە دۈررىدە ئولىشىپ، دېرىزىدىن كۈن نۇرىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۇمران مايسىلارغا زوقلىنىپ قاراشتى.

— بۇ دېگەن كۆك مەشرىپى ئۈچۈن ئۆستۈرگەن بۇغداي كۆكى، قېشىدىكى ئاۋۇ نەرسىنى كۈنچېچەك

دەيدۇ، — دېدى زۇمرەت چۈشەندۈرۈپ.
— بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ قارىسىغىلا سۆزلى-
مىگىن جۇمۇ؟ — دېدى تۇيغۇن زۇمرەتكە ئىشەنمىگەن-
دەك قاراپ.
— مەنچۇ، بۇنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ بىلىۋال-
غان، — دېدى زۇمرەت جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقى-
دىن پەخىرلەنگەندەك ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، —
قۇمۇللۇقلار ئاشۇ كۆك بىلەن كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزى-
دۇ. ئاۋۇ كۈنچېچەكنى كىم قولىغا ئالسا، ھەممەيلەن
شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.
— ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى ئەجەب ئانامنىڭ ئىسمىغا
ئوخشايدىكىنە! — دېدى ئايچەچەك بىردىنلا گەپنى باشقا
ياققا بۇراپ. ئايچەچەكنىڭ غىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرى-
دىن ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى چۈشەنگەن زۇمرەت، تۆ-
تەيلەن بىرپەس جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. تۇرگۇن
ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇش ئۈچۈن تىلتاشنىڭ ياردىمى-
دە قاپاقتىكى مايسىلارنىڭ زۇۋانىنى بالىلارغا ئاڭلاتتى.
— ئاپا، بۇ گېپىڭچە، بىزنىڭ تارىخىمىز بەك
ئۇزۇنكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەۋاتاتتى چەتتەرەك ئۆسكەن
بىر تال مايسا ئوتتۇرىدا سېرىق، ئاق خوراز تىكلەنگەن
خادا ئاستىدىكى بىر توپ غۇزمەك مايسىغا تەلمۈرۈپ
قاراپ. بالىلار بىر قاراپلا غۇزمەك مايسىنىڭ ئانىسى،
چەتتە ئۆسكەن بىر تال مايسىنىڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنى-
لىكىنى بىلىۋالدى.
— راست دەيسەن، ئوغلۇم. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ



www.uyghurkitap.com

كۆرىدىغان بولساق، تالاي - تالاي زامانلار، تالاي - تالاي خان - بەگلەر ئالماشقان، ئەمما بىز يوقالماس ئۇدۇم بولۇپ تا هازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىمىز. هەر يىلى يەر - جاهاننى قار - مۇز قاپلىغان زىمىستان قىشتىمۇ بىز باهارنى ئەسلىتىپ، كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلاپ تۇرىمىز. ئەتىيازدا جۈت قايتىپ، هوت كىر- گەندىمۇ جىمى جان - جانىۋار بىز ئارقىلىق كۆكلەمگە ئۇلىشىدۇ...

باللار بۇ ئانىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلى- غانچە مەپتۇن بولۇپ قالدى. مايسا ئانا باللىرىغا ئۆز- لىرىنىڭ «ئوغۇزنامە» دېگەن داڭلىق ئەسەر يېزىلىش- تىنمۇ كۆپ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا بار ئىكەنلىكىنى هەمدە ئۆزلىرى هەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن بېيىت - قوشاقلارنى ئېيتىپ بەردى. تۇيغۇن خاسىيەتلىك نوقۇ- تىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتىمۇ ياكى باشقا بىرەر سە- ۋەب بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار ئاڭلا - ئاڭلا ئۆزلىرىنىڭ- مۇ بەش تال مايسىغا ئايلىنىپ قاپاققا ئورنىشىپ قالغان- لىقىنى بىلمەيلا قېلىشتى.

ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرۈپ بىلدىكى، ئوتتۇ- رىدا ئولتۇرغان مويسىپىت ئانىنىڭ ئىسمى كۆكخان، بايىقى زېرەك باللىسىنىڭ ئىسمى كۆكجان ئىكەن. تۇر- گۇن بەشەيلەن بىردەمدىلا ئۇلار بىلەن ئىچىكىشىپ كەت- تى، كۆكخاننى كۆكخان ئانا، كۆكجاننى ئاداش دەپ ئاتىشىۋېلىشتى. هەممىدىنمۇ ئايچەچەك ئۇلارغا بەكرەك قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسملىرى،

يېنىدا ئاسماندىكى كۆن، ئاي، يۇلتۇزلارنى ھەمدەمبە-
رىبان ئانىسى كۆنچەچەك خاتۇن بىلەن شانۇشەۋكەتلىك
ئاتىسى تۇركلۇگ قاغاننى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان كۆنچە-
چەك، يەنە ياپيېشىل يۇلغۇنزارلىق، قومۇشزارلىق،
ئېكىنزارلىقلارنى ئەسكە سېلىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل
مايسىلار ئۇنى خۇددى يىراق قەدىمكى ئۆز يۇرتى-
كروران ۋادىسىغا ئاپىرىپ قويغاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈر-
مەكتە ئىدى.

ئۇلار كۆكخان ئانىنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى راسا
ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆكجان ئۇلارغا
«بۇرگەم - بۇرگەم» ئويۇنىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.
دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۆينىڭ تۆڭلۈكىدىن لەپىلدەپ
چۈشۈۋاتقان بىر تال قار چېچىكىنى كۆرۈپ قالدى-دە،
دەۋاتقان سۆزىنى ئۇنتۇپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ
قار چېچىكى ئەمەلىيەتتە ئاپئاق ھەم چىرايلىق بىر قىز
بولۇپ، ئۇ ئېگىز كۆكتىن خۇددى ماموق پەيدەك لەر-
زان لەپەڭشىپ دەل مۇشۇ ئۆينى نىشانلاپ چۈشكەنىدى.
قىز لەپەڭشىپ چۈشۈۋېتىپ ئۇلارغا ئىللىق كۈلۈمسى-
رەپ قويغاندىن كېيىن، قازان بېشىغا قويۇپ قويۇلغان
بىر چېلەك سۇغا چۈشۈپ قوندى.

— ھەتتىگىنەي! — دەۋەتتى كۆكجان بىلەن تۇر-
گۇن تەڭلا. كۆكجان ھەتتا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇ-
تۇلدۇرۇۋالماقچىمۇ بولدى. بىراق، ئۇ ھېچ ئىش بول-
مىغاندەك پىسسەڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— مەندىن ئەنسىرىمەڭلار! — دېدى - دە، بىر-

دەمدىلا سۇ سىياقىغا كىرىپ چېلەكنىڭ ئىچىدە ئەركىن ئۈزۈپ ئويناشقا باشلىدى. ئۈزۈۋېتىپ تېخى:

«كۆكتىن تامدۇق، كۆكتىن،
كۆك بىزنىڭكى ئاتىمىز.»

دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. چېچەكقىز نىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ كۆكجاننىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئانىسى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان: «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن سۆز كەلدى - دە، ئۇلاپلا:

«يەردىن ئۈندۇق، يەردىن،
يەر بىزنىڭكى ئانىمىز.»

دەپ ناخشىنى داۋاملاشتۇردى. چېچەكقىز بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكجانغا كۆزىنىڭ قىرىدا «لەپپىدە» قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغاندەك:

«كۆكتىن تامدۇق، كۆكتىن،
كۆك بىزنىڭكى ئاتىمىز.»

دېگەن بايىقى ناخشىسىنى تەكرارلاپ ئېيتىۋەردى. كۆكجانمۇ:

«يەردىن ئۈندۇق، يەردىن،
يەر بىزنىڭكى ئانىمىز.»

دېگەننى تەكرارلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئۆزىنى دورىغانلىق دەپ چۈشەندى بولغاي، ئۇ قىز كۆكجانغا ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، دومسىيىپ جىم بولۇۋالدى. كۆكجان بولسا «بىلەرمەنلىك قىلىمەن» دەپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ: «مۇشۇنداق قىلسام ئۇ قىز مەن بىلەن بەسلىشىپ تېخىمۇ جىق ناخشا ئېيتامدىكىن!» دەپ ئويلىغانىدى.

ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىش تۇرگۇن بەشەيلەنگە قىزىق تۇيۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغانلا بىر ئىش يۈز بەردى: ئۆي ئىگىسى قاپاق چۆمۈچتە چېلەكتىكى سۇدىن ئۇسۇپ دېرىزە تەكچىسىدىكى كۆككە قويدى. قاپاق چۆمۈچتە ھېلىقى قىزمۇ بار ئىدى. سۇ مايىسلارنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلۇۋاتقاندا ئۇ قىز قورقۇپ كەتكىنىدىن كۆكجانغا چىڭ يېپىشىۋالدى. ئۆي ئىگىسى سۇنى قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قاپاق چۆمۈچنى قازان بېشىغا قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇ قىز تېخىچىلا ئىسىگە كېلەلمەي دىر - دىر تىترىگەنىچە كۆكجاننىڭ قولىغا چىڭ يېپىشىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا قىز ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشتىن بىردىنلا ئۇيىلىپ ھۇپپىدە قىزاردى - دە، كۆكجاننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئاقتىكەنگە سانجىپ قويۇلغان ئاقبالداقتا ئىرغىپلا چۈشۈۋالدى. ئەمما، بۇ چاغدا كۆكجاننىڭ بەدىنى ئوت - كاۋاپ بولۇپ، ئانىسى ۋە دوستلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتىن

باش كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر نازۇك ئالامەتلەرگىمۇ زەن سېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغان كۆكخان ئانا: «ئوغلۇم چوڭ بولۇپ قاپتۇ. لېكىننزە، ئۇ ئىشلارغا تېخى بالدۇر. خۇدا بۇيرۇسا، ئەڭ چىرايلىق قىزلاردىن چېكىپ تۇرۇپ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ھەم ئاقبالداقتا ئولتۇرۇپ كۆكجانغا قىيا بېقىپ قاراپ تۇرغان ئۇ قىزغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى. كۆكجانمۇ ھەرقانچە ئۇيىلىپ تۇرغىنى بىلەن كۆزلىرىنى يەنىلا ئاشۇ قىزدىن ئۈزەلمەيۋاتاتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئايچەش ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ.

— بىزنىڭ ئىسمىمىز بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قىز پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، — قار بولۇپ ياغساق قار، توڭلىساق مۇز، ئېرىساق سۇ، پارغا ئايلانساق ھور دەپ ئاتاۋەرسەڭلەر بولىدۇ.

— ئەمما، بىزدە ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمى بولمىسا بولمايدۇ. سىزگە خۇددى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چىرايلىق ئىسىمدىن بىرنى قويۇپ قويساق قانداق دەيسىز؟

— ئىختىيارىڭلار.

— ئۇنداق بولسا... ئۇنداق بولسا ...— دەپ نېمە ئىسىم قويۇشىنى قويالماي ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ئايچەش.

— ئۇ بىزگە دەسلەپ قار چېچەكلىرى سىياقىدا كۆرۈنگەندىكىن، چېچەكقىز دەپلا ئىسىم قويامسىلەر، —

دەپ تەكلىپ بەردى كۆكخان ئانا.

بۇ گەپنى ھەممەيلەن ماقۇل تېپىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنىڭ ئىسمى چېچەكقىز بولۇپ قالدى. چېچەكقىز ئاقىۋالىداقتا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كۆزدىن يىتتى.

«ھەي ئىسىت، قاراپ تۇرغۇچە سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالسام بوپتىكەن» دەپ ئەپسۇسلاندى كۆكجان شۇندىلا ئەقلىگە كېلىپ. بىراق، چېچەكقىز شۇنىڭ بىلەنلا يوقاپ كەتمىدى. مەشتە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدە ھايالدىمايلا يەنە پارغا ئايلىنىپ، سۇزۇك شايكى سىياقىدا ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى يەنە تۇنجى بولۇپ كۆكجان كۆرۈپ قالدى. چېچەكقىز بۇ قېتىم چىمەندوپپا كىيگەن، چاچلىرى قىرىق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن سىياقتا ئىدى. ئۇ ئۆي ئىچىدە لەرزان تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ ناخشىنى قانداق يېقىملىق ئېيتقان بولسا، ئۇسسۇلنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئوينىدى. ئۇنىڭ رەققاسلاردەك شوخ جىلۋە بىلەن ئوينىغان بۇ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ كۆكجان ۋە تورگۇن بەشەيلەنلا ئەمەس، ھەتتا كۆكخان ئانىمۇ تەسىرلەنگىنىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى. چېچەكقىز ئۆي ئىچىدە بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن تۈڭلۈكتىن يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۇلارغا ئاخىرقى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

قېتىم كۆلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇلارمۇ كۆلۈمسىرىگىنىدە ئۇنى ئۇزىتىپ قىلىشتى. كۆكجان خۇددى «تۇرۇپ تۇرۇڭا!» دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئېچىپ، قولىنى سوزغىنىچە تۇرۇپلا قالدى...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن چېچەكقىزنى كۆرۈش زادىلا نېسىپ بولمىدى. بالىلارلا ئەمەس كۆكخان ئانىمۇ ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسى بىلەن ئوينىغان ئۇسسۇلىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىدىن چاتاق بولغىنى، شۇ ئىشتىن كېيىن ئادەتتە تولا سوئال سوراپ، ناخشا ئېيتىپ، شوخلۇق قىلىپلا يۈرىدىغان كۆكجان نېمىشقىدۇر جىمغۇر بولۇپ قالدى...

بىر كۈنى كۆكخان ئانا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن، تولىمۇ قەدىمدە بولمىش ئومای ئانا ئەپسانىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇلار كۆكخان ئانىنىڭ ئېيتىكىدە ئولتۇرۇپ بۇ ئەپسانىنى پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ تىڭشىدى. ئەپسانىنىڭ سېھرىي كۈچىدىنمۇ ياكى كۆكخان ئانىنىڭ شۇنداق كارامىتى بارمۇ؟ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئاق تىكەنگە سانجىپ تىكىپ قويۇلغان ئاقبالداقلار قارلىق چوققىلارغا، كۆكخان ئانا بولسا ھەيۋەتلىك كۆك ئاسمانغا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە ئىدى. كۆكجان، تورگۈن، ئايچەش، تۇيغۇن، زۇمرەت، ئايچەچەكلەر ئاشۇ قار تېگىدە باھارنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئېكىنزارلىقلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى...

ئۇلار ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ئىچىگە غەرق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ راسا پەيزە سۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى.

— كەچتە مەشرەپ بېرىدىغان گەپ، شۇڭا ئۆينى ئوبدان بىر سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويمىسام بولماس، ئۆزلە قارىشىپ بېرەلا، — دېدى كۆككە قاپاق چۆمۈچتە سۇ قۇيغان ھېلىقى ئايال.

— ئۆزلەنىڭ مۇھىملىرى مېنىڭ مۇھىمىم تۇرسا، مۇنداق دېيىش كېتەمدۇ؟ — دېدى چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان بۆلەكچىلا ئوچۇق يەنە بىر ئايال.

— بۇگۈن كەچتە كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىكەندە، — دېدى كۆكخان ئانا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا.

دېگەندەك، شۇ ئاخشىمى بۇ ئۆيدە كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈلدى. مەشرەپكە مۇشۇ مەھەللىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىشكەن، يەنە غېجەكچى، داپچى، راۋابچى، ئېيتقاق، قىزىقچى دېگەنلەرمۇ تەل ئىدى. زەدىۋال تارتىلغان ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئەرلەر، بىر تەرىپىدە ئاياللار ياش قۇرامىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە تامغا يۆلىنىپ، بەزىلىرى يەكتەز، بەزىلىرى يۈكۈنۈشۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا چىلان، ياڭاق، قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك قېقى، قوغۇن قېقى، جىگدە، ئاغۋاقار①، چوڭ پۇرچاق، سار پۇرچاق قاتارلىق توققۇز خىل يېمىش ھەمدە نان ۋە قەنت - گېزەكلەر بىلەن

① قومۇللۇقلار شىمشىكنى شۇنداق ئاتايدۇ.

هازىرلانغان داستىخانغا چاي تارتىلدى. كۆكخان ئانا، كۆكجان ۋە تۇرگۇنلەر بار قاپاق بولسا چىرايلىق بىر تاۋاقتا سېلىنىپ داستىخاننىڭ دەل ئوتتۇرىغا قويۇپ قويۇلغانىدى...

مەشرەپ ئەھلىگە چاي، تائاملار تارتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن مۇقامچىلار غېجەك، راۋاب، داپلىرىنى ئېلىپ مۇڭلۇق بىر مۇقامنى باشلىدى. غېجەك بىلەن راۋابنىڭ يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن، داپنىڭ خۇددى ئۇھ تارتقاندەك ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئۇرۇلۇشلىرى ھەمدە ئېيتقاقلارنىڭ دەرد ـ ھەسرەت بىلەن تولغان ناخشىلىرى تۇرگۇن بەشەيلەنگە بۆلەكچىلا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.

— ئۇلار «يالغۇز تۇيۇن» نى ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى كۆكجان ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ.

مۇقامچىلار ئىككى ـ ئۈچ سائەتچە ئەنە شۇنداق دەردلىك مۇقاملارغا تولۇقلىغاندىن كېيىن ئازراقتىن چاي ئوتلىشىپ دېمىنى ئېلىۋېلىشتى. ئاندىن مۇقام ناخشىلىرىنى شوخ پەدىلەرگە يۆتكەپ، غېـجەك، داپـلارنـى تېز ـ تېز چېلىشقا، ناخشىنىمۇ كۆۋەجىتىپ شوخ ئېيتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مەڭزىلىرى سىڭىپ پىشقان گىردە ناندەك قىزارغان، كەكە ساقال بىر بوۋاي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئالقىنىدىكى «كۆك» سىمان چىڭگىلگەن قولياغلىقنى تۇتقىنىچە بىر مومايىنى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇسسۇلغا تارتتى. موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى، ئاندىن ئۇلار

ئۆزئارا سالام بېرىش يوسۇنىنى ئۆتەپ بولۇپ، ئۇ سىسۇل دېگەننى شۇنداق چىرايلىق ئوينىۋەتتىكى، تۇرگۇن بەشەيلەننىڭمۇ ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشكۈسى كېلىپ كەتتى.

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئاخىر تۇرگۇن بەشەيلەن ھەمدە كۆكجانمۇ ئىچى قىزىپ ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. كۆكجاننىڭ كۆزى بولسا چاچلىرىنى قىرىق كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈۋالغان، كىشىلەر ئارىسىدا لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر قىزدا ئىدى. كۆكجاننىڭ كۆزلىرىگە بۇ قىزنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى بەئەينى چىچەكقىزنىڭكىگە، چىراي - تۇرقىمۇ چىچەكقىزغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئىختىيارسىزلا ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇ قىز بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

كۆكجان بىلەن قىرىق كوكۇلىلىق قىز خېلى ئۇزاق بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. بىراق، كۆكجان ئۇنىڭ چىچەكقىز ئەمەسلىكىنى بىلگىنىدە بايىقى شوخلۇقلىرى بىردىنلا يوقاپ، ئاستا - ئاستا توپتىن چېكىنىپ چىقتى ھەمدە يەنە قاپاقتىكى جايىغا كېلىپ مەيۈس ئولتۇرۇپ كەتتى.

— نېمىشقا ئۇسسۇل ئوينىماي قايتىپ كېلىۋالدىڭ؟ — دېدى كۆكخان ئانا ئەجەبلىنىپ.

— بولدىلا، ئوينىسا يەنە شۇ ئۇسسۇل، — دېدى كۆكجان كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن خۇشياقمىغان قىياپەتتە.

بۇ چاغدا «نازىركوم» پەدىسىگە چېلىنىپ، يۇمۇر-
لۇق كەيپىيات كىشىلەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى،
شۇئان كۇلكە - چاقچاق، بېيىت - قوشاقلار باشلىد-
نىپ، مەشرەپ راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگىلى تۇردى.
بىراق، بۇلارمۇ كۆكجاننىڭ مەيۇس قەلبىنى ئىللىتال-
مىدى. تۇرگۇن بەشەيلەن بولسا مەشرەپكە شۇ قەدەر
بېرىلىپ كەتكەنكى، كۆكجاننىڭ ئۆز جايىغا قايتىپ
ئولتۇرۇۋالغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىشمىغانىدى.

شۇ كۇنى قاپاقتىكى كۆك مەشرەپ نۆۋىتىنى ئۆت-
كۇزۇۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر جۇپ ئەر - ئايالنىڭ
ئۆيىگە كۆچۇرۇلۇپ ئاپىرىلدى. كېتىۋېتىپ تۇرگۇن
بەشەيلەن كۆكنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان شايىنى قايرىپ،
يول بويى تاماشا كۆرۈپ ماڭدى. ۋايتوۋا، قومۇللۇقلار
كۆكنى بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە خۇددى تويى بولغان
كېلىنچەكنى كۆچۇرگەندەك قالتىس ئەتىۋارلاپ،
داغدۇغا بىلەن يۆتكەيدىكەن ئەمەسمۇ؟

يېڭى ئۆيگە بارغاندىن كېيىنمۇ كۆكجان بىكار بو-
لۇپ قالسىلا دېرىزىدىن يىراقلارغا قارىغىنىچە تەلمۇ-
رۇپلا تۇرىدىغان بولدى. ئانىسى كۆكخان ئانا بەزىدە
«ئۇنى خىيال چېقىپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئەنسىرەپمۇ قالا-
تتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆپرەك ئويۇنغا زورلايتتى.

بىر كۇنى كۇن بىردىنلا ئىسسىپ، توڭ ئېرىغىلى
تۇردى. كوچىدا ئېقىۋاتقان ئەگىز دەرۋازا بوسۇغىسىد-
دىن هويلىغىمۇ سىرغىپ كىرىشكە باشلىدى. يەنە ئۆگ-
زىلەردىكى توڭلارمۇ بوشاپ سۇس هور كۆتۈرۈلمەكتە
ئىدى.

— ياز بولۇپ كېتەمدىكىنە؟ — دېدى تۇرگۈن.

— يازغا تېخى بالدۇر، قىشنىڭ قارا سوغۇقلىرى يەنە بار، — دېدى كۆپنى بىلىدىغان كۆكخان ئانا.

بۇ كۈنى كۆكجان ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، تۇرگۈنلەر بىلەن بىللە سىرتقا ئويناپ كەلگىلى چىقتى. ئۇلار هويلىغا چىققاندىن كېيىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا باردى.

— چېچەككىزنى كۆردۈڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كۆكجان هويلىغا سىرغىپ كىرىۋاتقان سۇدىن.

— چېچەككىز؟ هېلىقى ناخشىچى قىزنى دەيسىزغۇ تايىنلىق. ۋاي، كۆرمەمدىكى؟!

— ئۇ نەدە؟ — دەرهال سورىدى كۆكجان چېچەك-قىزنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ.

— بىراق، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن.

بۇ جاۋاب بىلەن كۆكجانلا ئەمەس، تۇرگۈن بەشەي-لەنمۇ لاسىسىدە بولۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، چېچەككىزنىڭ ناخشا ۋە ئۇسسۇللىرىنى ئۇلارمۇ سېغىن-غانىدى.

ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن، سايىدىرەك بىر جايدىكى ئاستىدا غىل - غىل سۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان چاۋات مۇزدىن سورىدى:

— چېچەككىزنى كۆردىڭىزمۇ؟

— چېچەككىزنى؟ كىم ئۇ؟

— هېلىقى ناخشىچى قىزچۇ.

— ھەئە، كۆردۈم ، كۆردۈم،— دېدى چاۋات مۇز بىردىنلا جانلىنىپ،— جاھاندا ناخشىنى ئۇنىڭدەك يې-قىملىق ئېيتىدىغان، ئۇسسۇلنىمۇ ئۇنىڭدەك قاملاشتۇ-رۇپ ئوينايدىغان يەنە بىرىنى كۆرمىگەنمەن. قالتىس، قالتىس...

— ئۇ نەدە؟— ئىتتىك سورىدى بالىلارنىڭ ھەم-مىسى تەڭلا.

— ۋايتاڭ،— دېدى چاۋات بىردىنلا مۇرىسىنى چىقىرىپ،— ئاشۇ تەرەپكە كەتكەندەك قىلىۋېدى.

ئۇلار چاۋات مۇز كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭ-غاچ يول بويى كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەر، كۆننىڭ نۇرىدا كۆز چېقىپ تۇرغان قارلار، ئەينەكتەك سۇزۇك مۇزلاردىن «چېچەككىزنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ سورا-ۋەردى. بىراق، ھەممىسىلا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلى-غانلىقىنى، ئۇسسۇلىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

ئۇلار ئىزلە - ئىزلە چېچەككىزنى ھېچ يەردىن تاپالماي، ھارغىنىدىن ئېتىز قىرىدا بىرپەس دەم ئېلىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا، كۆننىڭ قىزىلقى قايتىپ، ھاۋا تۇمانلىشىشقا باشلىغانىدى.

— ئەمدى كۆن سوۋۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئايچەچەك بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقان ئەگىزگە قارىغىنىچە.

دېگەندەك، بىردەمدىلا كۆننىڭ نۇرى يوقاپ، ھاۋا

باشقىدىنلا سوۋۇشقا، يەر ـ جاھان يەنە توڭلاشقا باشلان-
دى. كۆكجان بىلەن تۇرگۈن بەشەيلەن سوغۇقتا
دۈگدەرەپ تۇرالمايلا قېلىشتى. ئەمدى قار چېچەككىزنى
ئىزلەپ تېپىشتىنمۇ ئۈمىد قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار
يەنە ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىشتى.

— شۇنچىمۇ ئۇزاق ئويىنىغان بارمۇ، قاراڭلارچۇ
توڭۇپ ئۇسىدەك كۆكىرىپ كەتكىنىڭلارنى، — دېدى
كۆكخان ئانا ئۇلارغا كۆيۈمچانلىق بىلەن كايىپ.

ئۇلار چېچەككىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى ئار-
مان قىلىشىپ قارا قىشىنى تەسلىكتە ئۆتكۈزۈشتى.
ئارىدا تالايلىغان ئۆيلەرگە كۆچۈرۈلۈپ، نى ـ نى قىزىق
مەشرەپلەرنى ئويىندى. مانا ئاخىر ھوت كىرىپ، باھار-
غىمۇ ئۇلاشتى. بۈگۈن بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە باھار
مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

بۇ كۈنى چوڭلار يوغان داشقازانلارغا بۇغداي ئۇن-
دۇرمىلىرىنى توكۇپ، «نورۇز ئېشى» تەييارلاش، مۇ-
قام ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، چېلىشىش، ئات بەي-
گىسى دېگەندەكلەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى.
بالىلار بولسا ئايچەچەكنى باھار قىزى قىلىپ تاللاپ،
ئۇنى ياساندۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئايچەش بىلەن زۇمرەت گۈل ـ چېچەكلەرنى تې-
رىپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى، چاچلىرىغا قىستۇر-
دى، بوينىغا گۈلچەمبىرەك ئاستى. تۇيغۇن بىلەن تۇر-
گۈن چوكانتاللارنىڭ يۇمران شاخلىرىدىن چەمبىرەك
ياساپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. ئاندىن ئۇلار

ئايچەچەكنى چۆرىدەشكىنىچە باھار پۇشتىكى چېلىپ، «نورۇز بايرىمى» نى قۇتلۇقلاشقا باشلىدى. يەنە گۈلەڭ-گۈچ ئۇچۇش، ئوقتاش ئېتىش، لەگلەك ئۇچۇرۇش پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن، كۆكجاننىڭ كۆزلىرى كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك تەلمۈرۈپلا تۇراتتى.

«ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق ياخشى ئويۇنلاردا چې-چەكقىزمۇ بولغان بولسا، قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە!»

ئۇلار ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى تۈگمەن بويىغا قانداق بېرىپ قېلىشقىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى. ئەتراپتىكى قار - مۇزلار ئاساسەن ئېرىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈگمەن نورىنىڭ تېگىدىكى جالا - جالا مۇزلار تېخى بار ئىدى.

«چېچەكقىز مۇشۇ يەردە ئەمەستۇ - ھە؟» كۆك-جان كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ئىختىيارسىزلا شۇ ئويغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قات - قات چوكا مۇزلارغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە نېمىنىدۇر ئىزلەۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈشكەن تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ دەرھال چېچەكقىزنى ئەس-كە ئېلىشتى - دە، چوكا مۇزلارنىڭ قېشىغا كېلىشتى.

تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ تولىمۇ يىراقتا تۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇ شۇ قەدەر مۇڭلۇق، شۇ قەدەر يېقىملىق ئاۋاز ئىكەنكى، ئاڭلىسا ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلى ئېرىمەي قالمايتتى.

ئۇلار جىمىدە بولۇپ ئاڭلاشتى.

«كۆكتىن تامدۇق، كۆكتىن،
كۆك بىزنىڭكى ئاتىمىز.»

بۇ دەل چېچەكقىزنىڭ ئاۋازى ئىدى، بىراق ئۇ بۇ جايدىن تولىمۇ يىراقتا، بىر تۇرۇپ يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

«چېچەكقىز، چېچەكقىز...» دېيىشىپ خۇش بولۇپ كېتىشتى بالىلارنىڭ ھەممىسىلا. ئاندىن يەنە جىممىدە بولۇشۇپ ناخشىغا قۇلاق سېلىشتى. ئاخىر بىلىشتىكى، ناخشا ئاۋازى دەل شۇ چوكا مۇزلار ئارىسىدىن چىقىۋېتىپتۇ.

كۆكجان ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئۇلاپ:

«يەردىن ئۇندۇق، يەردىن،
يەر بىزنىڭكى ئانىمىز.»

دەپ توۋلىغىلى تۇردى.

«كۆكتىن تامدۇق، كۆكتىن،
كۆك بىزنىڭكى ئاتىمىز.
يەردىن ئۇندۇق، يەردىن،
يەر بىزنىڭكى ئانىمىز.»

ئەسلىدە چېچەكقىز ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

ئويناپ ماڭە ـ ماڭە، ئۈچا ـ ئۈچا، ئۈزە ـ ئۈزە ئاخىر مۈشۈ تۈگمەننىڭ نورىغا كەلگەندە چوكا مۈزلار ئارىسىغا چۈشۈپ توڭلاپ قالغانىكەن. بۇ جاي تەسكەي بولغاچقا، مۈزلار تېخىچىلا ئېرىپ بولالماي، ئۇمۇ بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەي تۇرغانىكەن.

ئۇلار ئالدىدىكى بىرنەچچە تال ئىنچىكرەك چوكا مۈزنى سۇندۇرغاندى، ئوتتۇرىدا لىمدەك يوغانلىقتا قېتىپ كەتكەن يوغان بىر تال مۈز كۆرۈندى. چېچەكقىز دەل شۇنىڭ ئىچىدە مىدىر ـ سىدىر قىلالماي، ئۆزلىرىگە خۇددى «مېنى تېز قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!» دەۋاتقاندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى.

تۇرگۇن دەرھال يوغان بىر تاشنى ئەكېلىپ، ئۇ مۈزنى چاقماقچى بولغاندى، كۆكجان چېچەكقىزغا زىيان ـ زەخمەت يېتىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال:

— ئۇنداق قىلمايلى، — دەپ توسۇپ قالدى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى قالغانلار تەڭلا. بىراق، قانداق قىلىشنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى. ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىر تۈگمەننىڭ نورىغا سۇ باشلاپ، مۈزنى ئېرىتىپ چېچەكقىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان بولۇشتى.

ئۇلار نونىڭ دەل چېچەكقىز تۇرغان جايىدىكى تۆشۈكنى يونۇپ يوغاتقانىدى، نودىكى سۇ شارقىراپ مۈز ئۈستىگە چۈشكىلى باشلىدى. سۇ مۈزنى يالا ـ يالا ئاخىر مۈز نېپىزلەپ چېچەكقىز قۇتۇلۇپ چىقتى. شۇئان بالىلارنىڭ ھەممىسى «دۇررىدە» ئۇنى ئورىشىپ،

ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— سوغۇقتا راسا توڭلىغانسىز - ھە؟

— جىم تۇرۇۋېرىپ ئىچىڭىزمۇ تازا پۇشقاندۇ؟

— سىزنى بەك سېغىندۇق.

...

بالىلارنىڭ سۆزلىرى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس.

ئۇلار ئاخىر چىچەكقىزنى ئارىغا ئېلىشىپ ئۆيىگە قايتىشتى. چۈنكى، بۇ چاغقىچە «نورۇز ئېشى»مۇ پىشىپ بولغانىدى. كۆكخان ئانا: «ئاش پىشقاندا بۇ بالىلار نەگە كەتكەندۇ - ھە؟» دەپ ئۇلارنى ئىزدەپ تىت - تىت بولۇۋاتامدۇ تېخى.

ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ كىشىنىڭ ئۆستەڭگە ئېڭىشىپ بىر نەرسىنى سۇغا ئېقىتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى.

— ھوي، ئۇلار كۆكخان ئانىمىزنى سۇغا تاشلىماقچى ئوخشىمامدۇ؟! — دېدى تورگۈن چۆچۈگىنىچە.

— قېنى ئېقىتىپ باقسۇنچۇ، — دېدى تۈيغۇن غەزەپلەنگىنىدىن مۇشتىنى تۈگۈپ.

— يۈرۈڭلارچۇ، تېز بېرىپ قاراپ باقايلى.

بېرىپ بىلدىكى، ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە، باھار مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى كۆك سۇغا ئېقىتىۋېتىلىدىكەن.

— بۇ ئەسكى ئىش ئەمەس، بالىلىرىم، ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى، — دەپ چۈشەندۈردى يېڭىلا سۇغا قويۇپ بېرىلگەن كۆكخان ئانا خۇشال بولغىنىچە، —

ئەمدى بىز نىڭمۇ ئېتىزلارغا بېرىپ، كۆكلەم بىلەن بىل-
لە مەشرەپ ئوينايدىغان چېغىمىز كەلدى. كېلىڭلار،
تېز مېنىڭ قېشىمغا چىقىۋېلىڭلار!

كۆكخان ئانىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، بالىلارنىڭ غەزىپى ياندى ھەمدە ئەپلەپ تۇرۇپ
ئۇنىڭ قېشىغا چىقىۋېلىشتى. ئاندىن كىشىلەر بىلەن
خوشلىشىپ، كۆكخان ئانىنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇش-
قىنىچە ئېقىن بويلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

يەر - جاھان كۆكىرىپ، تال - سۆگەتلەر پوتلا
چىقىرىپ، گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلاپ، تەبى-
ئەت دۇنياسى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. قۇش-
لار چاڭىلداپ سايراپ، سۇلار شىر - شىر ئېقىپ،
كۆڭۈلگە باشقىچە زوق بېغىشلايتتى. بۇلاردىن ھاياجان-
لانغان چېچەكقىز بىلەن كۆكجانمۇ ئىختىيارسىز يەنە
«كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن ناخشىغا
توۋلاشقا باشلىدى. ئۇلارغا يەنە تۇرگۈن بەشەيلەنمۇ جور
بولۇشتى. بالىلارنىڭ خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پات-
ماي قېلىشقىنىنى كۆرۈپ كۆكخان ئانىمۇ ئىختىيارسىز
ئۇلارغا مەستلىكى كېلىپ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ
قويدى.

— قاراڭلار، قاراڭلار، بىر توپ مايسا ئېقىپ
كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۆستەڭ بويىدىكى بىر توپ سۆ-
گەت كۆچىتى ئۇلارنى كۆرسىتىپ.

— ھوي، كۆكخان ئانىغۇ، — دېدى مويسىپىترەك
بىر سۆگەت شېخىنى كۆزلىرىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ

قارىغاچ، — پاھ، پاھ، مۇنۇ كۆكجان قىشتا كىچىكلا بالا تۇراتتى. مانا ياز كىرىپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپتىغۇ.
— قاراڭلارا ئاۋۇ قېشىدىكى چېچەكقىزغا، كۆك-جان ئىككىسى بىر - بىرىگە شۇنداق ماس كېلىشىدىكەن... — دېدى بىر تال سېرىقچېچەك قېشىدىكى سېرىقچېچەكلەرگە پىچىرلاپ.
كۆكخان ئانا ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما قاراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە چېچەكقىزغا ئۇنىڭمۇ مېھرى چۈشۈپ، ئۇنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى...
ئۇلار سۇدا ئاقە - ئاقە ئاخىر بىر ئېرىققا كىرىپ قالدى، ئاندىن چۆنەكلەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن كۆپكۆك بىر بۇغدايزارلىققا بېرىپ توختىدى.
— مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپ قالساق بولغۇدەك، — دېدى كۆكخان ئانا ئۆزلىرىگە ئىللىق چىراي ئېچىپ كۈلۈپ قاراپ تۇرغان كۆپكۆك مايسىلارغا قاراپ كۆڭلى سۆيۈنگىنىچە.
بۇ جاي ئۇلارغا شۇنچىلىك يېقىپ، ئۇلار ئۇزاققا قالمايلا يىلتىز تارتىپ ئۆزلىشىپلا كەتتى. چېچەكقىز بىلەن كۆكجاننىڭ «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈن-دۇق» دېگەن ناخشىسى بارا - بارا پۈتكۈل مايسىلار، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئومۇم خورىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بىر مەزگىل ئۆتۈپ كۆكخان ئانا سەل ئېپى - جېپىنى تاپقاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئېكىنزارلىقلارنى چاقىرىپ، كۆكجان بىلەن چېچەكقىزنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. توي شۇنچىلىك قىزىپ كەتتىكى، پۈتكۈل قۇمۇل دىيارى لەرزىگە كەلدى. بۇ كۈنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى قۇش، تومۇزغا، چېكەتكە، كېپىنەك، ھەسەل ھەرىسى، توشقان... دېگەندەك جىمى نەغمىكەش، ئېيتقاق، ئۇسسۇلچىلار ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشتى. ھەتتا تويغا كېلەلمىگەن يىراقتىكى ئاستانە، قارادۆۋە، لاپچۇقلاردىكى ئېكىنزارلىقلارمۇ قۇشلاردىن ئۇتلۇق سالاملىرىنى يەتكۈزۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تويىنى قۇتلۇقلاشتى...

## خىسلەتلىك ساياھەت يېتەكچىلىرى

ئۇلار ھەش ـ پەش دېگۈچە تۇرپاندىكى كارىز مۇزې-يىغا بېرىپ قالدى.

بۈگۈن كارىزنى كۆرگىلى نۇرغۇن چەت ئەللىك مېھمانلار كەلگەنىكەن، فرانسىيىلىك، دانىيىلىك، شۋېتسىيىلىك، يەنە باشقا دۆلەتلەردىنمۇ بار ئىكەن.

بادامدوپپا كىيىۋالغان بىر ئۇيغۇر قىز راۋان ئىنگ-لىز تىلىدا ئۇلارغا كارىزنىڭ تارىخى، قېزىلىش جەريا-نى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى. تۇرگۇن بەشەيلەن-مۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى ـ دە، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتى.

كارىزنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى رەسىملەرنى پۈ-تۈن دىققىتى بىلەن كۆرۈۋاتقان چەت ئەللىك مويسىپىت بىر بوۋاي يېنىدا تۇرغان ئايچەچەكنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭ كىيىنىشىگە قىزىقىپ قالدى-دە، يېنىدىكى بىر مومايغا:

— قاراڭ ماۋۇ قىزغا، ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىم-لىرى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرىگە بەك ئوخشاي-دىكەن، — دەپ پىچىرلىدى.

بوۋاي شۇنداق دېگەندىن كېيىن سىنئالغۇسىنى

توغرىلاپ ئايچەچەكنى سىنىغا ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراشقىلى تۇردى.

— ئۇنىڭ كېيىنىشى كرورانلىقلارنىڭكىگە ئوخ-شاپ كېتىدىكەن، — دېدى تۇرقىدىنلا تەتقىقاتچىدەك كۆرۈنىدىغان يەنە بىر چەت ئەللىك ئايچەچەكنىڭ ئۈستى-ۋېشىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسىنى بايقىغاندەك خۇش بولۇپ:

— هوي، ئۇنىڭ كىيگەنلىرى راستىنلا قەدىمكى يۇڭ توقۇلمىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ. ئاندىن چۈشەن-دۈرگۈچىگە: «ئايچەچەك بىلەن پاراڭلىشىپ باقساق» دېدى. چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلەۋاتقانلى-قىنى ئاڭلىغان تۇرگۇن بۇ يەرگە كېلىپلا تىلتاشنىڭ كارامىتى بىلەن ھەممەيلەننى ئىنگلىزچە سۆزلىيە-لەيدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، تۇرگۇن چۈشەن-دۈرگۈچى قىزنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ئىتتىك ئۇ چەت ئەللىك كىشىنىڭ ئالدىغا باردى - دە، راۋان ئىنگلىز تىلىدا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىياسىنىڭ توغرىلى-قىنى، ئايچەچەكنىڭ نەق كروران قاغانىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ چەت ئەللىك تۇرگۇننىڭ ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلىشىدىن زوقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى باللارچە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ سۆزلەۋاتى-دۇ دەپ قارىغانلىقتىن:

— فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرغا باي ئىكەنسىز، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

— ئۇ راست دەۋاتىدۇ، — دېدى ئايچەچەكمۇ راۋان ئىنگلىز تىلىدا.

— ھا، ھا، ھا ...— دەپ كۈلۈپ كېتىشتى چەت ئەللىكلەر. ئاندىن بايىقى كىشى:

— بالىلار بىزگە قارىغاندا تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ باي كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەربىر گېپىنى بىر فانتازىيە دېيىشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى تۇرگۇن بىلەن ئايچەچەككە بۆلەكچىلا قىزىقىش بىلەن قاراپ.

— بىزگە ئىشەنمەيۋاتىسىلەر - ھە؟— تۇرگۇن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بالا كۆرۈپ كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىدىن سەل خاپا بولۇپ كالپۇكلىرىنى ئۈچلىدى. ئاندىن «شۇ دېگىنىڭلارغا بولسىمۇ كارامىتىمىزنى بىر كۆرسەتمىسەك» دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا چەت ئەللىك بىرنەچچەيلەن بۇ بالىلارنىڭ قىزىقارلىق گەپ - سۆزلىرىگە قىزىقىپ قېلىپ ئۇلار بىلەن پاراڭغا چۈشكەنىدى.

— سىلەرنىڭ بىلىجان بولۇپ كارىز سۈيىدە ئۈزۈپ باققۇڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى تۈيغۇن ئۇلارنىڭ تېخىچىلا ئۆزلىرىنى كىچىك بالا دەپ گەپكە سېلىشلىرىدىن خاپا بولۇپ.

— ھا، ھا، ھا ...— چەت ئەللىكلەرگە ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ قىزىقارلىق بىلىنىپ يەنە كۈلۈپ كېتىشتى، — سىلەر كارتون فىلىملەرنى تولا كۆرۈپ تەسەۋۋۇرىڭلار ھەقىقەتەن بەك ئېشىپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنداق بالىلارنى تەربىيىلەش كېرەك...

— ئۇنداق بولسا ماقۇل دېدىڭلار ـ ھە؟— دېدى تۇيغۇن ئۇلارغا جىددىي قاراپ.

— ھەئە، — دېيىشتى ھېلىقى مويسىپىت كىشى كۇلۇۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ.

تۇيغۇن كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغانىدى، شۇئان بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كارىزدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىجانلارغا ئايلىنىپ قالدى.

— ۋوي ـ ۋوي، نېمە كارامەت بۇ! راستتىنلا بېلىجانغا ئايلىنىپ قالدۇققۇ، — دېيىشىپ كەتتى چەت ئەللىكلەر ھەيران بولۇشقىنىدىن بىر ـ بىرىگە ئىشەنـ مەستىن قارىشىپ.

— بۇ بالا قالتىس سېھىرگەر ئوخشىمامدۇ...

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ سۆزلەپ كەتتى چۈشەندۈرگۈچى قىز دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — چوقۇم ئاۋۋال يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېـ لىش كېرەك. بولمىسا بىرەر خېيىمخەتەر چىقىپ قالسا كىم ئىگە بولىدۇ؟

بىراق، تەۋەككۇلچىلىككە ئامراق بىر چەت ئەللىك:

— بۇ دېگەن بىر خىل سېھىرگەرلىك، مۇشۇ پۇرسەتتە كارىزنىڭ تاقالمىسىغىچە كۆرۈپ كەلمەمـ دۇق، — دەپ بالىلار بىلەن بىللە بېرىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارىز سۈيى ئېقىنىنىڭ قارشىسىغا قاراپ ئۈزگىلى باشلىدى.

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن سۈزۈك ھەم تاتلىق سۇ
بۇ!
— يەرنىڭ تېگىدىن سۈنى خۇددى كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ چىقىدىغان مۇنداق قۇرۇلۇشنى دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ئېسىل مۆجىزە دېسە بولغۇدەك.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە كارىز تەتقىقاتى بىلەن ئۇزاق مەزگىل شۇغۇللانغان بىر تەتقىقاتچىمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئېسىل پۇرسەتنى ئۆمرىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ بىلگەن بۇ تەتقىقاتچى سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ كېتىدۋېتىپ، قايسىبىر ئالىمنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مونۇلارنى دېدى:
— دۇنيادا ئۈچ چوڭ كەشپىيات بار. ئۇلار: مىسىردىكى ئەلئېھرام، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى ۋە كارىز. ئالدىنقى ئىككىسى ئۆز ۋاقتىدا تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان، ئۇلار ھازىر ئاسار ئەتىقىگە ئايلىنىپ بولدى. لېكىن «كارىز» دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىسى تېخى ئاياغلاشمىدى. ئۇ تا ھازىرغىچە تۇرپان بوستانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا.
ئۇلار ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى، دىرقىراپ سۇ چىقىۋاتقان كۆزلەر تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى.
ئۇلار ئاخىر كارىزنىڭ تاقالمىسىغا باردى. بۇ جايدا پۈتۈن ئۆمرى كارىز كولاش بىلەن ئۆتكەن داڭلىق بىر كارىزچى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.
— خۇش كەپسىلەر، مېھمانلار! — دېدى كارىزچى

ئۇلارغا سالام بېرىپ.

مېھمانلار ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كارىزنى قانداق كولايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— بۇنى دەپ بېرىشتىن ئاۋۋال كارىز ھەققىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى كارىزچى كارىز چىرىغىنىڭ پىلىكىنى چوقچىلاپ ئوتىنى كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇپ. ئاندىن مېھمانلارغا بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆز باشلىدى، — ئاتامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بوغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر يىگىت قويلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى راسا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا قويلىرى كۆرۈنمىگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن قويلىرىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئىزدەپ ـ ئىزدەپ، ماڭىپ ـ ماڭىپ ئاخىر تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قويلىرى بىر قۇمۇشلۇقتا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. بۇ چاغدا يىگىت ئۇسسۇزلۇقتىن چاكىلداپ كەتكەنىكەن، ئۇلا ئەمەس قويلىرىمۇ ئۇسساپ، ئىسسىقتا ھېلىدىشىپ قالغانىكەن. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئېسىگە چوڭلاردىن ئاڭلىۋالغان «قومۇش بار يەردە سۇ بار» دېگەن گەپ كەپتۇ ـ دە، قومۇشلۇق بىر دۆڭنىڭ تېگىنى كولاشقا باشلاپتۇ. كولا ـ كولا نەم توپىغا ئۇلىشىپتۇ. «راستلا سۇ باركەن» دەپ ئۈمىدلىنىپ كولاۋەرگەنىكەن، ئاخىر راستىنلا سۇ چىقىپتۇ. سۇنى پادىچى بىلەن ئۇنىڭ قويلىرى ئىچىپ راسا ھۇزۇرلى-

نىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر پادىچى يەرنىڭ ئاستى-
نى دوراپ، يەرنى كولاپ سۇ چىقىرىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، كارىز مانا شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

— بۇ رىۋايەتقۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىكەن، ئەمدى كارىزنىڭ زادى قانداق كولىنىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى چەت ئەللىك بىر يىگىت.

— ئۇنداق بولسا سىلەر ماڭا ياردەملىشىپ كارىز چېپىشىپ بېرىڭلار، — دېدى كارىزچى.

— ياردەملەشسەك ياردەملەشتۇق! — دېيىشتى ساياھەتچىلەر. شۇنىڭ بىلەن، تويغۇن ھەممەيلەننى يەنە ئەسلىي قىياپىتىگە قايتۇرۇپ قويىدى. كارىزچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرنەچچەيلەن كۆز بېشىغا چىقىپ لاي - توپا تارتىدىغان بولۇشتى. بىرەيلەن مەخسۇس سېۋەتكە لاي - توپا ئۇسۇشقا مەسئۇل بولدى. تۆرگۈن پۆچى①نى ئېلىپ تاش - شېغىللارنى چوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار لاي - توپىلارغا مىلىنىپ تۇرۇپ كارىز كولاپ، تاش - توپىسىنى بىر سېۋەت، بىر سېۋەتتىن كۆز ئارقىلىق يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ راسا ئىشلەشتى.

— پاھ، پاھ، كارىز كولاش راستىنلا ھەقىقەتەن جاپالىق ئىش ئىكەن! — دەۋەتتى بىر چەت ئەللىك بوۋاي.

— كارىزنىڭ قانچىلىك مېھنەت بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتۇق، —

① كارىز كولاشتا ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچى ئۇچلۇق ئەسۋاب.

دېدى بىر چەت ئەللىك يىگىت.

— ئەگەر قورقمىساڭلار، دىقىراپ سۇ چىقىۋاتقان ئاشۇ كۆزلەرنىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ، سۇنىڭ زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقساق، — دېدى كارىز تەتقىقاتچىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قىسىلىپ قېلىشتىن قورققانلار قېلىپ، قالغانلار سۇغا ئايلىنىپ كۆزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاجايىپ قىزىقارلىق سەپەرنى باشلىۋەتتى.

ئۇلار ماڭغان يەر ئاستى ئېقىنى تۈز كەتكەن شېغىللىق قاتلامدىن چىقىۋاتقانىكەن.

— ئالدىمىزدا ئۆرە قاتلام بار، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىسەك، بەك تېرەنگە چۆشۈپ كېتىمىز ـ دە، چىقالماي قالىمىز، — دەپ ئەسكەرتىش بەردى كارىزچى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆرە قاتلام بويىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، سەپىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

يەرنىڭ تېگىمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا ـ دە. تاش ـ شېغىل، قۇملار ئارىسىدىن دىقىراپ چىقىۋاتقان سۇغا قاراپ، «يەر ئاستىنىڭ ھەممىسىلا سۇمىكىن» دەپ قالىدۇ كىشى.

ئۇلار يەر تېگىدە زادى قانچىلىك مېڭىشقىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىشمەيتتى. ماڭە ـ ماڭە ئاخىر بىر جايدا ئۇلار يەر يۈزىگە چىقىپ قېلىشتى. بۇ خېلىلا ئېگىز بىر چوققىنىڭ باغرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى قاردىن تىم ـ تىم سۇ تامچىپ تۇراتتى.

— ۋاھ، بىز بوغدا چوققىسىنىڭ بويىغا كېلىپ

www.uyghurkitap.com

قاپتۇق ئەمەسمۇ! — دەۋەتتى تۇيغۇن بىردىنلا ھاياجانلىنىپ.

— ھە، ئەمدى بىلدۇق، كارىزنىڭ سۇيىنى نې-مىشقا تاتلىقكىن دېسەك، تاغدىكى پاكىز قار - مۇزلار-نىڭ ئېرىشىدىن كېلىدىكەن ئەمەسمۇ! — دەۋەتتى چەت ئەللىك بىر موماي.

تۇيغۇننىڭ كارامىتى بىلەن ئۇلار بىر پارچە بولۇتقا ئايلىنىپ، بوغدا چوققىسىنىڭ ئۇستىگە ئۇچۇپ چىقىشتى.

— پاھ، پاھ، بۇ تاغلار نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە! — دەۋەتتى زۇمرەت ئىختىيارسىزلا.

— ئاۋۇ جايدا بىر كۆل تۇرامدۇ نېمە؟ — سورىدى بىر چەت ئەللىك.

— ئۇنى بوغدا كۆلى دەيمىز، — جاۋاب بەردى تۇيغۇن.

— ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھەر قايسى شەھەركىنە؟ — سورىدى يەنە بىر چەت ئەللىك.

— ئۇ دېگەن ئۈرۈمچى! — دېدى زۇمرەت چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن.

......

ئۇلار بوغدا چوققىسى ئۇستىدە تۇرۇپ، ئانا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى بىردەم تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن، يەنە كولىنىۋاتقان ھېلىقى كارىز ئىچىگە قايتىپ كېلىشتى. ئاندىن كارىزچى ئۇلارنى كارىز سىرتىغا

باشلاپ چىقىپ، كۆل، توما[1] دېگەندەكلەرنى كۆرسەتتى...

ئۇلار كارىزنى قانغۇچە تاماشا قىلىپ بولغان بولسىمۇ، تېخىچىلا چۈش دۇنياسىدىن ئەسلىگە كېلىپ بولالمايۋاتاتتى.

— ئۆمرۈمدە شۇنچىلىك كۆپ جايلارنى ئايلىنىپتىمەن، لېكىن مۇنداق ساياھەتنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم. خۇددى فرانسىيە يازغۇچىسى ۋېرنېنىڭ «دېڭىز ئاستىدىكى يىگىرمە مىڭ چاقىرىملىق سەپەر» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندەكلا تۇيغۇغا كېلىپ قېلىۋاتىدمەن، — دېدى فرانسىيىلىك بىر موماي.

— سىلەر بۇنداق سېھىرگەرلىكنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ — دەپ سوراپ قالدى ياپونىيىلىك بىر ساياھەتچى.

— ھېچكىم ئۆگەتمىگەن، — دەپ بېشىنى قاشلىدى تۇرگۇن.

چەت ئەللىكلەر بۇ ھەقتە باشقا سوئاللارنى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ باللاردىن قانائەتلىنەرلىك بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى-دە، ئاخىر «ئۇلارنىڭ دەپ بەرگۈسى يوق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشىپ سوراشتىن توختىدى. ساياھەت يېتەكچىسىمۇ بۇ باللارنىڭ كارامىتىدىن قالتىس ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

چەت ئەللىكلەرنىڭ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، تۇرگۇن بەشەيلەن ئۇلار بىلەن يارغۇل

---

① توما — سۇ ئامبىرى، دەريا - ئۆستەڭلەردە سۇ بۆلگۈچى قاپقا.

قەدىمىي شەھىرىگىمۇ بىللە بارىدىغان ھەم تۈزگىلارەت-
لىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى
ئاۋات مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان بولدى...

ئۇلار يارغۇل بويىغا بېرىپ جەنۇبىي قوۋۇق تۈۋىدە
ماشىنىدىن چۈشتى. ھەيۋەتلىك ياردىنلا بۇ شەھەرنىڭ
غولدىن قانچىلىك ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى
بولاتتى. يارغۇلنىڭ ھاۋادىن تارتىلغان سۈرىتىدىنمۇ
غايەت زور ئاۋئاماتكىدىغا ئوخشايدىغان بۇ شەھەرنىڭ
تولىمۇ ھەيۋەتلىك ھەم چوڭ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى.

— يارغۇل قەدىمكى شەھىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ
ھەيۋەتلىك، ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان
تۇپا قۇرۇلمىلىق شەھەر، شۇنداقلا ئېلىمىز بويىچە
ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەڭ مۇكەم-
مەل ساقلانغان مەركىزىي شەھەر خارابىسى. شەھەر
ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەردىن ئويۇپ
ياسالغان[1]...

چۈشەندۈرگۈچى يارغۇل قەدىمىي شەھىرىنى تو-
نۇشتۇرۇپ سۆزلىگىنى بىلەن، مېھمانلار ئەمەلىيەتتە
يارغۇلنىڭ قەدىمكى مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆ-
رۈشكە ئالدىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر چۈشەندۈرۈش-
مۇ تۈگەپ، ئايچەش خاسىيەتلىك سائىتىنى چىقىرىپ
«كىچىلدا سائىتىم، كىچىلدا» دەپ پىچىرلىغانىدى،

---

① شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان «سېھىرلىك زېمىن — تۇرپان» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچىلا بۇددىزم تازا ئەۋج ئالغان مەزگىلگە بېرىپ قالدى.
يار ئۈستى تولۇق قوراللانغان سانجاق - سانجاق چېرىكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، قوۋۇق ئالدىدىمۇ مۇ- ھاپىزەتچى چېرىكلەر ساناقسىز ئىدى. لەشكەرلەر قو- ۋۇق تۈۋىدە تۇيۇقسىزلا بىر توپ ئادەمنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، دەرھال بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ جەڭدىي ئورۇش تەييارلىقىغا ئۆتتى. ئون - يىگىرمىدەك چېرىك گۈرزە - چوماق، قىلىچ - نەيزى- لىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇلارغا باستۇرۇپ كېلىشكە باشلى- دى. بۇنى كۆرۈشكەن چەت ئەللىكلەر قورقىنىدىن دەرھال پېتىراپ قېچىشتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن ئايچەش قېچىپ كېتىۋېتىپ سائىتىگە «چە- كىلدا سائىتىم، چىكىلدا» دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە بايىقى ماشىنىدىن چۈشكەن ۋاقىتقا قايتىپ كېلىۋالدى. شۇندىلا ئايچەش كۆكسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر! ھېلىمۇ مۇشۇ سائەت بولۇپ قاپتىكەن، بولمىغان بولسا چاتاقنىڭ چو- ڭى چىقاتتى - دە!» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.
باياتىن قورقۇپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنلەر بىر - بىرلەپ ماشىنا تۈۋىگە قايتىپ كېلىشتى. دېگەن- بىلەن ھېچكىمگە زىيان - زەخمەت يەتمەپتۇ.
— مۇنداق خەتەرلىك ئويۇننى ئوينىمايلى، — دېيىشتى بەزىلەر قورقۇپ كەتكىنىدىن تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمەي. ئەمما، بىرنەچچە تەۋەككۈلچى بۇ ئويۇنغا

www.uyghurkitap.com

بەكلا قىزىقىپ قالغانىدى، شۇڭا يەنە بىر نەۋەكۆل قىلىپ باقماقچى بولۇشتى.

تۇرپان تارىخىنى پۇختا بىلىدىغان ساياھەت يېتەكچىسى ئاخىر ساياھەتچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاپ چىقتى. ھەممەيلەن قوچۇدىن كەلگەن راھىب سىياقىغا كىرىپ، ئاندىن بايىقى دەۋرگە بارىدىغان بولۇشتى.

— شۇنداق قىلساق، ئۇلار چوقۇم بىزنى قارشى ئالىدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ساياھەت يېتەكچىسى.

— بىز ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىسەك، — دەپ قالدى كىمدۇر بىرەيلەن.

— تىلتاش تۇرغان يەردە نېمىدىن قورقاتتۇق، — دىدى تۇرگۇن خاتىرجەم ھالدا.

راست دېگەندەك، بۇ قېتىم يارغۇلنى قوغداۋاتقان چېرىكلەر ئۇلارغا خىرىس قىلىشمىدى. ئەكسىچە «قوچۇ راھىبلىرى ئۇلۇغ بۇدداغا تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇ!» دەپ راھىب كالانغا خەۋەر يەتكۈزدى. ھايالدىمايلا راھىب كالان بىر توپ راھىبنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى قارشى ئالغىلى قوۋۇق ئالدىغا چىقىشتى.

ئۇلار بۇددا يوسۇنلىرى بويىچە سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، يارغۇلنىڭ راھىب كالانى قوچۇ راھىب كالانىنى باشلاپ يارغۇل ئىچىگە ئېلىپ كىردى. قوچۇ راھىبلىرى بىلەن يارغۇل راھىبلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى.

ھەممەيلەنلا بۇ كاتتا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرى، ھەيۋەتلىك ئىمارەتلىرى، قائىدە - يوسۇنلۇق خەلقىگە

قاراپ قايىل بولغىنىدىن ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى.

قوچۇ راھىب كالانى سىياقىغا كىرىۋالغان ياپونىيىلىك ساياھەتچى يول بويىدىكى بىر ساڭرام بويىدا توختاپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ چوقۇندى...

ئاندىن يارغۇل راھىب كالانى ئۇلارنى شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەيۋەتلىك بىر ئىبادەتخانىغا باشلاپ باردى. ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز بىر مۇنار، ئىبادەتخانا تاملىرى بوت تەكچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. راھىبلارنىڭ باشلىرىنى گىلدىڭشىتىپ نوم ئوقۇشلىرى بىلەن پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان بىرەر مىڭچە شاملار قوشۇلۇپ ئىبادەتخانىنى سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى...

ئىبادەتخانىدىكى دۇئا - تىلاۋەتلەردىن كېيىن، راھىب كالان ئۇلارنى ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك كۆزىتىش پەشتىقىغا باشلاپ چىقتى. بۇ جايدا تۇرۇپ پۈتكۈل يارغۇل شەھىرىنى ھەمدە شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇلار پەشتاقتا تۇرۇپ يارغۇل شەھىرىنى ئالدىرىماي كۆزىتىشكە باشلىدى. يارغۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ كەلگەن مەركىزىي يول ئۇدۇل كۆزىتىش پەشتىقىغا كەلگەن، ئەتراپتىكى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن بازغانلارنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يولنىڭ سول نېرىسىدا بىرنەچچە يېلەن بور[1] قۇيۇلغان كۆپلەرنى يەر ئاستى ئامبارلارغا

---

[1] بور — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈم، ئۈزۈم ھارىقى دېگەن مەنىلەردە. بۇ يەردە ئۈزۈم ھارىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇگىلىتىپ ئەكىرىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قېشىدى-
كى بىر ئۆينىڭ هويلىسىدا ئىككى ئايال بۆز توقۇش
بىلەن ئالدىراش ئىدى. يەنە بىر ئوچۇقچىلىق كەڭ
مەيداندا لەشكەرلەر ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.
شەرق تەرەپتىكى بىر قۇدۇقتىن بىر كىشى سۇ تارتىۋات-
تاتتى.

— ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان يەر ئاستى ئىبادەت-
خانا، ئۇنىڭ بېرىسىدىكى بەگلەرنىڭ ئۆيلىرى...

راھىب كالان ئۇلارغا يەنە قوڭغۇراق راۋىقى،
رەت - رەت قوپۇرۇلغان بۇددا مۇنارىلىرى ھەمدە تېخى-
مۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قەبرىستانلىقنى بىر -
بىرلەپ كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى...

ئۇلار يارغول شەھىرىگە قاراپ ئاجايىپ تۇيغۇلارغا
چۆمۈپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز بۇرغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قارىغاندا يەنە مالىمانچىلىق بولىدىغان ئوخشاي-
دۇ، — دېدى راھىب كالان بۇرغا ئاۋازىنى دىققەت
قىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن.

بۇرغا چېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەھەر ئىچى جىد-
دىيچىلىكتە چۈشۈپ كەتتى. سانغۇن - لەشكەرلەر جىد-
دىي ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆتۈپ، قورال - ياراغلىرىنى
ئېلىشىپ، شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىنى چىڭ ساقلاش
ئۈچۈن مېڭىشقانىدى.

ئالاھەزەل بىرەر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ياۋ
قوشۇنلىرىنىڭ يەر - جاھاننى تىلغىغاندەك چاڭ -
تۇزان توزىتىپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

— نېمانداق جىق! — دەۋەتتى بىر قېرى راھىب

قولىنى كۆزىگە سايە قىلىپ، ئاتلىق باستۇرۇپ كېلى-
ۋاتقان ياۋ قوشۇنىغا قارىغىنىچە.
— قورقماڭلار، مەن بار، — دېدى ئايچەش ئۆز
كارامىتىنى بىر كۆرسىتىۋالىدىغان پۇرسەت كەلگەنلى-
كىدىن خۇش بولۇپ. دېگەندەك، ياۋ قوشۇنلىرى يار-
غۇل شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشىغا ئايچەشنىڭ «تەپ-
كەك باتۇر»ى توشقانغا ئېتىلغان بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ
باردى - دە، دۈشمەنلەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلى-
غىلى تۇردى. دۈشمەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى «تەپكەك با-
تۇر»غا تەڭ كېلەلمەي، بېشى يېرىلغىنى بېشى يېرى-
لىپ، يىقىلغىنى يىقىلىپ، ئۆلۈپ، يېرىم سائەتكە
يېتە - يەتمەيلا شۇنچە ھەيۋەتلىك قوشۇن پاتىپاراقچى-
لىقتا چۇشۇپ كەتتى. بۇ قالتىس كارامەتنى كۆرۈشكەن
پۈتكۈل يارغۇل ئەھلى بۇ خاسىيەتلىك «تەپكەك باتۇر»
غا ئاپىرىن ئوقۇشتى. راھىب كالانمۇ بۇ بالىلارنىڭ
كارامىتىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ جايغا كېلى-
شىنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلدى ھەمدە ئۇلارغا
ئۇزۇن ئۆمۈرلەرنى تىلىدى.
ئۇلار يارغۇل شەھىرىنى يەنە بىرەر سائەتچە ئايلى-
نىپ كۆرگەندىن كېيىن، كۆزى قىيمىغان ھالدا را-
ھىبلار بىلەن خوشلىشىپ، ھازىرقى دەۋرگە قايتىپ
كېلىشتى.
— مەن تېخىچىلا ئۆزۈمنى چۇش كۆرۈۋاتقاندەكلا
سېزىۋاتىمەن، — دېدى چەت ئەللىك بىر بوۋاي.
— بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئەسلەش بولدى.

www.uyghurkitap.com

كىتابلاردىن ھەرقانچە ئوقۇغان بىلەنمۇ تارىخنى مۇنداق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— بايىغۇ ئايچەش سىڭلىم «خاسىيەتلىك ئۆتۈك» ى بىلەن ياۋ قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى، — دېدى چۈشەندۈرگۈچى سۆز باشلاپ، — ئەمما بۇ بىر خىل خىيالىي تۈيغۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قوشۇن موڭغۇل قوشۇنلىرى بولۇپ، مىلادىيە 1275 ـ يىلى ئون ئىككى تۈمەن ئەسكەر بىلەن يارغۇل قەدىمىي شەھىرىنى يېرىم يىلدەك قورشاۋغا ئېلىپ ياتقان. شۇلار بىلەن بولغان شىددەتلىك ئۇرۇش سەۋەبىدىن، بۇ كۆركەم شەھەر ئاخىر خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. يەنە بۇ شەھەر بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە خارابىلىككە ئايلانغان دېگەن قاراشمۇ بار. بەلكىم ئۇنى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن...

ساياھەتچىلەر يارغۇل قەدىمىي شەھىرىدىن قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن قەدىمكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر زادىلا كەتمەيتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۇرگۇن بەشەيلەننىڭ بۇ كارامىتى تۇرپانلىقلار ئارىسىدا پۇر كەتتى. ساياھەت ئىدارىسىنىڭمۇ بۇنى ئۆز ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى بىلىپ، ئۇلارغا كەڭ پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ساياھەتچىلەر ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي تەرەپ ـ تەرەپتىن بەس ـ بەستە ساياھەتكە كېلىشكە باشلىدى. تۇرگۇن بەشەيلەنمۇ بىر

مەزگىل ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھەر خىل تەلىپىنى ئېرىنمەي ئورۇنداپ بەردى. مىڭ يىل بۇرۇنقى كارىزچىلار ئارىسىغا ئاپىرىپ، كارىز قېزىۋاتقان نەق مەيداننى كۆرسىتىپ كەلدى. يەنە ئۇلار ئىدىقۇت، بېزەكلىك مىڭئۆي... لەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن قاتتىق خۇش بولۇشۇپ، بۇ بالىلارنىڭ ھەر خىل تەرىپلىرىنى قىلىشقىلى تۇردى. قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بىر چەت ئەللىك: «بۇ ئىنسانىيەت خام خىياللىرىنىڭ تۇنجى قېتىم رېئاللىققا ئايلىنىشى» دېدى.

ئەمما، بۇ خەۋەر جەمئىيەتتە خىلمۇخىل غۇلغۇلىلارنى پەيدا قىلدى. بەزىلەر بۇنى پۈتۈنلەي يالغان، ئادەم ئالدايدىغان خەۋەر دەپ قاراشسا، يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا قىزىقىپ نە ـ نەلەردىن تېلېفون بېرىشىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈردى.

بەزىلەر بۇنى ھەتتا: «ئالاھىدە ئىقتىداردىنمۇ يۇقىرى بولغان پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار دەپ ئاتاش كېرەك» دېيىشتى. تىلشۇناسلىق، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئالىملار يەنە بۇ بالىلار ئارقىلىق ئۇزاقتىن بۇيان يېشىلمەي كېلىۋاتقان بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپماقچىمۇ بولۇشتى.

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=厅妙的反面城：维吾尔文
SS号=40286870